# ئىزدىنىش

(تاللانما)

ج ك پ مەركزي كومتېتنڭ
باشچلقدا نەشر قلندى

2

1996

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(تاللانما) 1996-يىل 2-سان

(ئومۇمىي 92-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1995-يىللىق 24-ۋە 1996-يىللىق 1-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**


## مۇندەرىجە


**باش ماقالە: 9-بەش يىللىق پىلاننىڭ بىرىنچى باھارىنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالايلى** ...... (2)

**يېڭى دەۋردىكى دېھقانلار مەسىلىسى توغرىسىدا** ...... **ۋېن جياباۋ** (11)

ئومۇمىيلىق ئېڭىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك ...... **ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى** (32)

ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش توغرىسىدا بىرقانچە پىكىر ...... **خۇاڭ يۈەنجى** (39)


**★2-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 9-بەش يىللىق پىلاننىڭ بىرىنچى باھارىنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالايلى

## يېڭى يىل باش ماقالىسى

يېڭى يىل كىرىشى بىلەن ھەممە نەرسە يېڭى تۈسكە كىردى. بىز 8-بەش يىللىق پىلاندا بەلگىلەنگەن ئاساسىي ۋەزىپىلەرنى ئەمدىلا ئورۇنداپ ۋە ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ بولۇش بىلەن يەنە 9-بەش يىللىق پىلاننىڭ بىرىنچى يىلى — 1996-يىلنى كۈتۈۋالماقتىمىز.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن پارتىيىنىڭ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق، خەلق ئىگىلىكىمىز تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىمىز روشەن ئاشتى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى نىشان قىلغان ئىقتىسادىي ئىسلاھاتتا ھەل قىلغۇچ قەدەم تاشلىنىپ، ھەر تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق ئىشكنى ئېچىۋېتىش ئەندىزىسى ئاساسەن شەكىللەندى، ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلاردا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ئۆتكەن يىل 9-ئايدا ئېچىلغان پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈش ۋە 2010-يىلغىچە كەلگۈسى نىشانىنى بەلگىلەش توغرىسىدىكى تەكلىپ»تە بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىلدا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى، كۈرەش نىشانىنى، ئاساسىي فاڭجېنىنى شۇنىڭدەك بىر قاتار چوڭ-چوڭ سىياسەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ پارلاق كېلەچىكى روشەن سۈرەتلەندى، بۇ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسلىق يولى ۋە ئۇسۇلى كۆرسىتىپ بېرىلدى، «تەكلىپ» پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشىپ، دېڭىز بويى رايونلىرىدىن تارتىپ ئىچكى ئۆلكىلەرگىچە، چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىن سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغىچە ھەممە يەرلەر قاينام-تاشقىنلىق باھار تۈسىگە تولدى. ئۆتكەن يىل يىلنىڭ ئاخىرىدا چاقىرىلغان مەركىزىي ئىقتىسادىي

خىزمەت يىغىنىدا، 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1995-يىللىق خىزمەت خۇلاسىلىنىپ، 1996-يىللىق خىزمەت تەتقىق قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تەكلىپ»تە بەلگىلەنگەن كۈرەش نىشانىنى پەيدىنپەي رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ۋە ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ قالدى.

ھەرقانچە ئۇزۇن سەپەرمۇ بىرىنچى قەدەمدىن باشلىنىدۇ. كاتتا ئىمارەتلەر بىر خىش، بىر خىشتىن قوپۇرۇلىدۇ. بۇ يىللىق خىزمەت ياخشى ئىشلەنسە، 9-بەش يىللىق پىلاننىڭ باشلىنىشى ياخشى بولسا، پۈتكۈل 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ھەتتا بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىلدىكى خىزمەتكە ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، بىز 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، بۇ يىللىق خىزمەتنى قانداق ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك؟

**ئوچۇق نىشان بولۇشى كېرەك.** پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىدە، 5-ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان «تەكلىپ»تە، بىزگە ئوچۇق نىشان كۆرسىتىپ بېرىلدى، بۇ — بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىمىز. پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى نىشانى، خۇددى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ئېنىق بەرگىنىدەك، دۆلىتىمىزنى باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇشتىن ئىبارەت. پارتىيىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. ئىقتىسادىي جەھەتتە باي-قۇدرەتلىك بولۇش، سىياسىي جەھەتتە دېموكراتىيىلىشىش، مەنىۋى جەھەتتە مەدەنىيەتلىك بولۇش —بۇ، ئورگانىك ھالدا بىر-بىرىگە باغلانغان بۆلۈنمەس بىر پۈتۈن گەۋدە، سوتسىيالىزمنىڭ ھەر تەرەپلىمە راۋاجلىنىش نىشانىدۇر. 5-ئومۇمىي يىغىن 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ۋە بۇنىڭدىن 2010-يىلغىچە بولغان مەزگىلدىكى كۈرەش نىشانىنى مانا مۇشۇ ئومۇمىي نىشانغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە خەلق تۇرمۇشى جەھەتلەردە يەتكۈزۈشكە تېگىشلىك سەۋىيىسىنى بەلگىلەپلا قالماي، بەلكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، ئاھالىلەر قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، تەبىئىي بايلىقنى ئاسراش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلارنى ۋە ئىقتىسادنى ئومۇمىيۈزلۈك، ماس راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پۈتكۈل سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرمىغاندا، جۇڭگونىڭ قالاقلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش-

www.uyghurkitap.com

تىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چىڭ تۇتۇپ، كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى-نى ئوبدان تۇتمىساق، نوپۇسنى تىزگىنلەش، بايلىقنى تېجەش، مۇھىتنى ئاسراش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرمىسەك، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوخشاشلا تەرەققىي تاپالمايدۇ، تەرەققىي تاپقاندىمۇ ئەگرى يولغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى نوقۇل ھالدا سان-مىقدارنىڭ ئېشىشىدىلا ئىپادىلەنمەستىن، تېخىمۇ مۇھىمى سۈپەت ۋە ئۈنۈمنىڭ ئۆسۈشىدە ئىپادىلىنىدۇ.

- يىللىق پىلاندىكى نىشاننى ئوتتۇرا مەزگىللىك، ئۇزاق مەزگىللىك پىلاندىكى نىشانلار بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان دۆلەتتىن تەرەققىي قىلىپ باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەتكە ئايلىنىش —بۇ، بىر تۈپ خاراكتېرلىك سۈپەت ئۆزگىرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۈپەت ئۆزگىرىشى سان ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، سان ئۆزگىرىشىنىڭ ئۆزىدە قىسمەن سۈپەت ئۆزگىرىشى بولىدۇ. بىز ”ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش“تىن ئىبارەت تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇۋاتىمىز، بۇنىڭدا ھەر بىر قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانىمىزنىڭ ئىشقا ئېشىشى، ھەربىر بەش يىللىق پىلاننىڭ ئورۇندىلىشى قىسمەن سۈپەت ئۆزگىرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ”ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش“تىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك نىشاننىڭ بىرىنچى قەدىمىنى ئىشقا ئاشۇردۇق، ئىككىنچى قەدەمدە يەنى 9-بەش يىللىق پىلان ئورۇندالغان 2000-يىلغا بارغاندا، نوپۇسىمىز 300 مىليون كۆپەيگەن ئەھۋال ئاستىدا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1980-يىلدىكىدىن ئىككى قاتلىنىپ، نامراتلىق ئاساسەن تۈگىتىلىدۇ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ھاللىق سەۋىيىگە يېتىدۇ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىنىدۇ. 15 يىللىق كەلگۈسى نىشان ئەمەلگە ئاشقان 2010-يىلغا بارغاندا، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يەنە بىر قاتلىنىپ، خەلقنىڭ ھاللىق تۇرمۇشى تېخىمۇ باياشات بولىدۇ، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى شەكىللىنىدۇ، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ داۋاملىق يۈكسىلىشى ئىشقا ئاشىدۇ، ئۇ چاغدا خېلى زور بىر ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدۇ، كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۈچىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئوتتۇراھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىنىدۇ، ئۈچىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشان ئىشقا ئاشۇرۇلغان ۋاقىتتا، جۇڭگونىڭ قالاقلىق قىياپىتى ئۆزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىپلا قالماستىن، بەلكى دۇنياغىمۇ زور تۆھپە قوشالايمىز. ئوچۇق، كونكرېت، ھەقىقىي يولغا قويغىلى بولىدىغان بۇ نىشانلار بىزنىڭ گۈزەل غايىمىزنى قەدەممۇ قەدەم رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشىمىزغا يول كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

مەركەز بەلگىلىگەن كۆرەش نىشانىدا پۈتۈن مەملىكەت كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئومۇمىيلىقلىقى، ستراتېگىيىلىكلىكى ۋە سىياسەتچانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. رايونلار، تارماقلار، كەسىپلەر ھەتتا كارخانىلار، ئىدارىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر تاختا شاخمىتىدا تۇتقان ئورنىغا ئاساسەن كونكرېت تەرەققىيات نىشانىنى ۋە ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان تەرەققىيات تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. بۇنداق نىشان ۋە تەدبىرلەر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي نىشانى بىلەن چېتىشتۇرۇلگەن بولۇپ، ئومۇمىي نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشالايدىغان بولۇشى، شۇنداقلا شۇ رايوننىڭ، شۇ تارماقنىڭ، شۇ ئىدارىنىڭ ئەمەلىي شارائىتى ئاساسىغا قويۇلغان بولۇشى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ھالىغا بېقىپ ئىش كۆرۈپ، بىر قەدەر زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان بولۇشى لازىم. نىشان بەلگىلەنگەن ھامان قەتئىي تەۋرەنمەي ئىشقا ئاشۇرۇش، ئۆلگۈچە پەيلىدىن يانمايدىغان روھ بىلەن ئىشلەپ، مەقسەتكە يەتمىگىچە بەلنى قويۇۋەتمەسلىك كېرەك.

**دىئالېكتىكىلىق تەپەككۇر بولۇشى كېرەك.** ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا تەرەققىيات توغرىسىدىكى ئەڭ چوڭقۇر، بىر تەرەپلىمىلىكتىن ئەڭ خالىي بولغان تەلىماتتۇر. دىئالېكتىكا بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، زىددىيەت ھەممە يەردە، ھەممە ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن 5-ئومۇمىي يىغىندا قىلغان سۆزىدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى 12 چوڭ مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك دەپ تەكىتلىدى، بۇ ئەمەلىيەتتە ئومۇمىي خاراكتېرگە ئىگە 12 زىددىيەتتۇر. بىز بۇ زىددىيەتلەرنى دىئالېكتىكا بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى بىلىۋالغاندا، شەيئىلەرنىڭ چىگىش-مۇرەككەپ تەرەققىياتى داۋامىدا سۇبيېكتىپچىلىقتىن ساقلىنىپ، قارىغۇلۇقنى ئازايتىپ، بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز.

ھەربىر زىددىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەپلىرى بولىدۇ. بۇ ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەر ھەم بىر-بىرىگە قارشى تۇرىدۇ، ھەم بىر-بىرىگە سىڭىپ كىرىدۇ. بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، مۇئەييەن شارائىتتا بىر-بىرىگە ئۆزگىرىدۇ. سۈرئەت بىلەن ئۈنۈمنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلارنىڭ زىددىيەتلىك تەرىپى بار، بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر-بىرىگە ماسلىشىدىغان تەرىپىمۇ بار. دۆلىتىمىز چوڭ، ئاساسى ئاجىز، نوپۇس داۋاملىق ئېشىۋاتىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا بەلگىلىك سۈرئەت بولمىسىمۇ بولمايدۇ. لېكىن ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەرمەي، جېنىمىزنىڭ بارىچە ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، يېڭى تۈرلەرنى كۆچەپ كۆپەيتىپ، نوقۇل ھالدا ساننى قوغلىشىدىغان بولساق، نەتىجىدە چوڭ ئۆرلەشنىڭ كەينىدىن چوڭ پەسىيىش كېلىپ چىقىپ، ئالدىرىغان يولدا قالار دېگەندەك ئىش بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ جەھەتتە ساۋاقلىرىمىز ئاز ئەمەس. ئەكسىچە، ئەگەردە ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى يىرىك باشقۇرۇشتىن تۇجۇپ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لەپ باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتسەك، ئۈنۈم سۈرئەتكە ئايلىنىدۇ-دە، ھەم بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈمگە، ھەم بىر قەدەر يۇقىرى سۈرئەتكە ئىگە بولالايمىز. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن نوپۇس، بايلىق، مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىمۇ مۇشۇنداق مەسىلە بار. ئەگەر بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ھەقىقىي بېرىلىدىغان بولساق، چوقۇم نوپۇسنىڭ سانىنى قاتتىق تىزگىنلىشىمىز، نوپۇسنىڭ سۈپىتىنى زور كۈچ بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، بايلىق ۋە مۇھىتنى ھەقىقىي قوغدىشىمىز كېرەك، ھازىرقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يىراق كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتمايدىغان، ئەجداتلار سېلىپ بەرگەن دەسمايىنى يەپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ يولىنى توسىدىغان ئەسكى، ۋە ئەخمىقانە ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىقىمىز لازىم.

زىددىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەپلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەم قارىمۇقارشىلىق بار، ھەم بىردەكلىك بار، بىز ھەرقانداق ۋاقىتتا بىر تەرىپىنىلا كۆرۈپ، قالغان تەرەپلىرىنى كۆرمەسەك بولمايدۇ. بىراق مۇئەييەن ۋاقىتتا ۋە مۇئەييەن شارائىتتا، مەلۇم بىر تەرىپىنى تەكىتلەشمۇ زۆرۈر. ماركسىزمنىڭ جېنى كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىشتا. يولداش جياڭ زېمىن سۆزلىگەن 12 زىددىيەتتە ھەم ئومۇمىيلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ھەم ھازىرقى ئەھۋالدىكى قاراتمىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپلەرنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە، پۈتۈن مەملىكەتنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى ئاجىز بولۇش، سانائەتنىڭ سۈپىتى يۇقىرى بولماسلىق، ئۈچىنچى كەسىپنىڭ تەرەققىياتى ئارقىدا قېلىشتەك مەسىلىلەر مەۋجۇت، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى ئاجىز بولۇش مەسىلىسى ئىنتايىن گەۋدىلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىككىنچى كەسىپنى تەڭشەش ۋە يۈكسەلدۈرۈش، ئۈچىنچى كەسىپنى پائال راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرىنچى كەسىپنىمۇ زور كۈچ بىلەن زورايتىش كېرەك. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىك بىلەن باشقا ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدا ئىككى خىل قوتۇپقا بۆلۈنۈشتىن ساقلىنىپ، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى ھەقىقىي تۈردە كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىدىن تەۋرىنىدىغان، ۋاز كېچىدىغان قىلىقلارنىڭ ھەرقانداقىسى سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدىن چەتنىگەنلىكتۇر. ئومۇمىيلىق تۈسىنى ئالغان چوڭ-چوڭ مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا، بىز ھەم مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەپلىرىنى تولۇق ئىگىلىشىمىز، ھەم ھەزىر بۇ مۇناسىۋەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا كۆزدە تۇتۇلغان رېئال قاراتمىلىقىنى ئۇقتىلىق ئىگىلىشىمىز كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندا، خىزمەتلەرنى ياخشىلاشقا ياردىمى بولالايدۇ.

**ئومۇمىيلىق كۆزقارىشى بولۇشى كېرەك.** 5-ئومۇمىي يىغىندا پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەر-

---

يە، ئاساسي لۇشيەن ۋە ئاساسي فاڭجېنى، ئومۇمىيلىق ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئىزچىللاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان توققۇز تۈرلۈك فاڭجېن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا توغرا بىر تەرەپ قىلىش شەرت بولغان 12 مۇناسىۋەت، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ تەلىپى قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەملىكىتىمىز خەلقىنىڭ ئۇزاق كەلگۈسى تۈپ مەنپەئىتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىز ئومۇمىيلىقنى كۆڭلىمىزگە پۈككىنىمىزدىلا، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئۆزلەشتۇرۇپ، كەم-كۈتىسىز ئىزچىللاشتۇرالايمىز.

ئومۇمىيلىق كۆزقارىشىنى تىكلەش ئۈچۈن، ئومۇمىيلىقتىن قاراش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، مەسىلىلەرگە قاراشتا، كۆز ئالدىدىكى بىرەر قىسمەنلىكنىلا كۆزدە تۇتماي، كۆز ئالدىدىكىنى ئۇزاق كەلگۈسىدىكى بىلەن بىرلەشتۇرۇشكە، قىسمەنلىكنى ئومۇمىيلىق بىلەن بىرلەشتۇرۇشكە ماھىر بولۇش كېرەك. بىز ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا خاس يىراقنى كۆرمەسلىك، نەزەر دائىرىسى تار بولۇش ئىللىتىنى تاشلاپ، ئۆزىمىزدە ماركسىزمچىلارغا خاس يىراقنى كۆرۈشلۈكنى ھازىرلىشىمىز لازىم. ئومۇمىيلىق خاراكتېرىدىكى نەرسىلەرنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، پەقەت پىكىر يۈرگۈزۈپ ئويلاپ باققاندىلا ئاندىن چۈشەنگىلى بولىدۇ. بىزنىڭ كۆزىمىزنىڭ قۇۋۋىتى يېتىشمەيدۇ، شۇڭا دۇربۇن ۋە مىكروسكوپتىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ دۇربۇن ۋە مىكروسكوپىمىز باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە ئۇسۇلدىن ئىبارەت.

ئومۇمىيلىق كۆزقارىشىنى تىكلەش ئۈچۈن، يەنە مۇستەھكەم، ساپ پارتىيىۋىلىك بولۇشى كېرەك. نۇرغۇن ئەھۋاللاردا، كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيلىق يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ مەسىلىلەرگە قارىيالماسلىقى ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلالماسلىقى، ئاساسلىقى، تونۇشىنىڭ مۇجمەللىكىدىن بولماستىن، بەلكى مەنپەئەتنىڭ تۇرتكىسىدىن بولغان. ئەگەر كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى، قىسمەن مەنپەئەتنىلا كۆزدە تۇتساق، بىر تال يوپۇرماق بىلەن كۆزىمىز توسۇلۇپ قېلىپ، تار مەھكىمىچىلىك ۋە تارقاقچىلىققا پېتىپ قالىمىز، ئاقىۋەتتە يۇقىرىنىڭ سىياسىتىگە قارشى تەدبىر كۆرۈدىغان، قىل دېگەننى قىلمايدىغان، قىلما دېگەننى قىلىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىپ، ئومۇمىي، ئۇزاق كەلگۈسى مەنپەئەتكە ئېغىر زىيان كەلتۇرىدۇ. شۇڭا،

ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ كادىرى چوقۇم پارتىيىۋىلىك جەھەتتىكى چېنىقىشنىڭ كۈچەيتىشى، يولداش جياڭ زېمىن يېقىندا كۆرسەتكەندەك، ”ئۆگىنىشنى تەكىتلىشى، سىياسىينى تەكىتلىشى، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلىشى“، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، قىسمەن ئېھتىياجنى ئومۇمىي ئېھتىياجغا بويسۇندۇرۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئەگەر مەلۇم پىلان ۋە تەدبىر قىسمەنلىكنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا يولغا قويۇشقا بولۇپ، ئومۇمىيلىقنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا يولغا قويۇشقا بولمىسا، قىسمەنلىكنى ئومۇمىيلىققا بويسۇندۇرۇش كېرەك. ئەكسىچە، قىسمەنلىككە نىسبەتەن ئېيتقاندا مەلۇم دەرىجىدە قۇربان بېرىشكە توغرا كەلسىمۇ، لېكىن ئومۇمىيلىققا نىسبەتەن زۆرۈر بولسا، بۇنىڭدىمۇ قىسمەنلىكنى ئومۇمىيلىققا بويسۇندۇرۇش كېرەك. بىز قەتئىي تەۋرەنمەي، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە پرىنسىپلىرى بويىچە ئىش قىلىشىمىز، ئۆز يېرىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۇرۇپ، ئىجادچانلىق بىلەن خىزمەتنى قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ياخشى يېتەكلىشىمىز، ياخشى قوغدىشىمىز، ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىكمۇ يەنە بىر جۈپ زىددىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى ئوتتۇرىسىدىمۇ ھەم قارمۇقارشىلىق، ھەم بىردەكلىك بار، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشتا بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش يولىنى تۇتۇش كېرەك. بىراق شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، زىددىيەتنىڭ ئاساسلىق تەرىپى قىسمەنلىك بولماستىن، بەلكى ئومۇمىيلىقتىن ئىبارەت. ئومۇمىيلىق كۆزقارىشىنى مۇستەھكەم تىكلەش ھازىرقى ئەھۋالغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. پەقەت مۇشۇ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلغاندىلا، ئاندىن 9-بەش يىللىق پىلاننى ۋە 2010-يىلدىكى يىراق كەلگۈسى نىشاننى ئۆز ئەينى بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، گۈزەل غايىمىزنى پارلاق ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

**خىزمەتنى پۇختا ئىشلەش كېرەك.** كوممۇنىستلارنىڭ دۇنيانى بىلىشتىن مەقسىتى دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق مەقسىتى يوق. تارىخىي تەجرىبىلەر ۋە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلدىكى يىراق كەلگۈسى نىشاننى بەلگىلەپ، تورلۇك فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئۆزى بىر سەكرەش، يەنى ماددىدىن روھقا سەكرەشتىن ئىبارەت. بۇ بىر مۇھىم سەكرەش، لېكىن

بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى ئىككىنچى قېتىملىق سەكرەش: روھتىن ماددىغا سەكرەش، يەنى بەلگىلەنگەن پىلان، فاڭجېن، سىياسەتلەر قاتارلىقلارنى ئەمەلدە كۆرسىتىش، ھەمدە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ھەقىقەتلىكلىكىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا سىناشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىزم ئىشلەش بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئىشلىمەي قۇرۇق گەپ سېتىشنىلا بىلگۈچىلەرنىڭ ماركسىزمدىن ئەسىرىمۇ بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنى پەقەت ئۆزىمىزنىڭ پۇختا ئىشلىشى ئارقىلىق يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىدىغان روھقا ئىگە بولۇش، يۈكسەك ئىرادىگە ئىگە بولۇش، ئېگىلمەي-سۇنماي كۆرەش قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن يەڭگىلتەكلىك قىلىشتىن، شەكىلۋازلىق قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش، قۇرۇق ئاتاقتا بېرىلمەسلىك، يۈزەكى ئىش قىلماسلىق، ساختىپەزلىك قىلىپ سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق، بىرنى بىر دېيىش، ئىككىنى ئىككى دېيىش، ياخشى ئىش بولسا ياخشى ئىش دېيىش، يامان ئىش بولسا يامان ئىش دېيىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تەسلىكنى بىلىپ تۇرۇپ ئىلگىرىلەش، بوشاشماي ئالغا بېسىش، نەتىجە ئالدىدا مەغرۇرلىنىپ ئۆز-ئۆزىدىن قانائەتلەنمەسلىك، قىيىنچىلىق ئالدىدا بوشىشىپ بەل قويۇۋەتمەسلىك، مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى جان-دىل بىلەن، بېشىدىن ئايىغىچە تولۇق ئەمەلىيلەشتۇرۇش، ھەر بىر ئىشتا قەدەمنى پۇختا بېسىش كېرەك. خەلق ئاممىسى تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي كۈچى. بىزنىڭ پارتىيە ئەزالىرىمىز، كادىرلىرىمىز ئاممىغا تولۇق ئىشىنىشى، ئاممىغا مەھكەم تايىنىشى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىش قىلىش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش، خالىس تۆھپە يارىتىشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قان بىلەن گۆشتەك قويۇقلاشتۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك توغرا تەدبىرلىرىنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. پۈتۈن مەملىكەت يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە بولۇپ، يېڭىلمەس كۈچ ھاسىل قىلىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىدىغانلا بولسا، ئىشلىرىمىز غەلىبە قازانماي قالمايدۇ!

ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، تولىمۇ ئاجايىپ بىر تارىخىي پەيتكە يېتىپ كەلدى. يەنە بەش يىلدىن كېيىن،

ئىنسانلار يېڭى بىر ئەسىرگە، ئەينى ۋاقىتتا يېڭى بىر مىڭ يىللىقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا قەدەم قويىدۇ. خەلق يۈز يىللىقنىڭ ئالدىدىكى نامرات-ئاجىز، خارابلىشىپ كەتكەن، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ خالىغانچە بوزەك قىلىشىغا ئۇچرايدىغان جۇڭگونى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، "بۇ دۇنيادا ئاسمان-زېمىن ئاستىن-ئۈستۈن بولغاندەك ئۆزگىرىش بولدى"، كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات، تىنچلىق، ئىلگىرىلەش ئىشلىرىغا ئاتلانغان بۇ شەرقتىكى گىگانت ئادەمنى — جۇڭگونى ئەمدى ھېچكىم سەل چاغلىيالمايدۇ! كېلەركى يۈز يىل چوقۇم جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىدىغان ئەسىر بولىدۇ، ئۇ چاغقا بارغاندا، بەش مىڭ نەچچە يۈز يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە شەرقتىكى قەدىمىي دۆلەت جەزمەن تېخىمۇ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇرلارنى چاقنىتىدۇ. بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى-نىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىدە، ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەلنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جان كۆيدۈ-رۈپ، پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا تۈزۈپ چىقىلغان ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پىلاننى ئەمەلىيەت داۋامىدا بوشاشماي ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوت-سىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرى بىلەن 21-ئەسىرگە قۇچاق ئاچايلى!

تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا
ئادالەت مۇھەممەت

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

# يېڭى دەۋردىكى دېھقانلار مەسىلىسى توغرىسىدا

ۋېن جىاباۋ

## يېڭى دەۋردىكى دېھقانلار مەسىلىسىنى توغرا تونۇش كېرەك

يېزا ئاھالىسى مەملىكىتىمىز ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئاساسلىق ئەھۋالى دېھقانلار مەسىلىسىنىڭ باشتىن-ئاخىر ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزدىكى ئاساسلىق مەسىلە بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەش-ئىشلىيەلمەسلىك خېلى زور دەرىجىدە دېھقانلار مەسىلىسىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش-قىلالماسلىقىمىزغا باغلىق، بۇ— تارىخىي تەجرىبىدۇر. پارتىيىمىز جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت داۋامىدا دېھقانلار مەسىلىسىگە ئىزچىل تۈردە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ دېھقانلار مەسىلىسى جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى ئاساسىي مەسىلە، دېھقانلار جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي كۈچى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ يېزا ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشاشتىن باشقا يولى يوق، پرولېتارىيات پارتىيىسى دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە دېھقانلارغا تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار شانلىق ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىمىز جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تايىنىدىغان كۈچى ۋە تەرەققىيات يولى مەسىلىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى، ھەمدە يۈز مىليونلىغان دېھقاننى سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىشقا يېتەكلىدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېھقانلارنىڭ كۆپ بولۇشى جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى، يېزىلار مۇقىم، باياشات بولغاندىلا، ئاندىن دۆلەت مۇقىم بولالايدۇ ۋە تەرەققىي تاپالايدۇ، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا ۋە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش كېرەك، بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويۇش، ئاخىرقى ھېسابتا ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار مۇھىم بايانلىرى پارتىيىمىزنىڭ يېزا ئىسلاھاتى ۋە يېزا قۇرۇلۇشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئېلىپ بېرىشىغا

www.uyghurkitap.com

يېتەكچىلىك قىلدى، ھەمدە يېزىلارنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ۋە ئىستىقبالىنى كۆرسىتىپ بەردى، پۈتكۈل ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيىمىزنىڭ نۇرغۇن يىللىق ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، دېھقانلار مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە دېھقانلار مەسىلىسىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىدە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بىر قاتار سىياسەت-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، پارتىيىمىز ئېلىپ بارغان يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ۋە ئاچقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى دېھقانلار مەسىلىسىنى بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلغانلىقىدىن ئىبارەت. دېھقانلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش پارتىيىمىز-نىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك رەھبەرلىك قىلىشىدىكى تۈپ تارىخىي تەجرىبىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاش-تۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى، ئىجتىمائىي سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالدا ئىنتايىن زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئەمما يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنى ئۆزگەرمىدى، دېھقانلار-نىڭ مەملىكىتىمىز ئاھالىسىدىكى ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنى ئۆزگەرمىدى، يېڭى دەۋردىكى دېھقانلار مەسىلە-سىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش پارتىيىمىزنىڭ يېزا خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، يۈز مىليونلىغان دېھقانلارنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئاساسىدا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاش-تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا يەنىلا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

### يېڭى دەۋردىكى دېھقانلار مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش — ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ھالقى-سى

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «تەكلىپ»تە مەملىكىتى-مىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەسىر ئاتلايدىغان بۇ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ھالقىسى يېزا ئىگىلىك مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش، دېھقانلار مەسىلىسىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنى دېھقانلارنىڭ ئاساسلىق ئورنى بەلگىلىدى، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بەلگىلىدى. يېزا ئىگىلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا

سىياسەتكە، پەن-تېخنىكىغا، مەبلەغ سېلىشقا تايىنىش كېرەك. لېكىن تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا دېھقانلارغا تايىنىش، يۈز مىليونلىغان دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا تايىنىش كېرەك. دېھقانلار يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، شۇنداقلا يېزا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدىكى ئەڭ جانلىق ئامىلدۇر. يېزا ئىگىلىكى بىلەن يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى كەڭ دېھقانلارنىڭ ئەمگىكىدىن ۋە ئىجادىيىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. يېزىغا قارىتىلغان ھەرقانداق سىياسەتنىڭ توغرا بولغان-بولمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا، شۇ سىياسەتنىڭ دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىغان-قوزغىمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى ئىشقا سېلىنغاندا، ئاندىن تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرغىلى، پەن-تېخنىكا ۋە ماددىي مەبلەغ جەھەتتىكى سېلىنمىدىن تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۆلەت توغرا سىياسەت قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىكىگە ماددىي ۋە تېخنىكا جەھەتتىن بېرىلىدىغان ياردەمنى كۈچەيتسە، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىمۇ بارغانسېرى ئۆرلەيدۇ. بۇ بىرنەچچە تەرەپلەر بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى بولسا پۈتۈن مەسىلىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. مەملىكىتىمىز يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ھالقىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان توغرا سىياسەت-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىش ۋە تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش كېرەك.

## يېڭى دەۋردىكى دېھقانلار مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش — جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشنىڭ ئاساسى

جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مەملىكىتىمىزنىڭ 1 مىليارد 200 مىليون ئاھالىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ 900 مىليونى يېزىلاردا، يېزىلارنىڭ مۇقىم بولۇشى پۈتكۈل جەمئىيەت مۇقىم بولۇشىنىڭ ئاساسى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئىنتايىن زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، يېزىلارنىڭ مۇقىم تەرەققىيات ۋەزىيىتى ئىزچىل ساقلاپ قېلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كۈچلۈك ھالدا كاپالەتلىك قىلدى. بىراق شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ھازىر يېزىلاردا مەسىلە يەنىلا ناھايىتى كۆپ، بەزى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى مەۋجۇت. بەزى رايونلارنىڭ يېزا ئىقتىسادى بىر قەدەر ئارقىدا، بىر قىسىم يېزا ئاھالىسى تېخى نامراتلىقتىن قۇتۇلغىنى يوق. بەزى جايلاردا ئىجتىمائىي كەيپىيات ياخشى

ئەمەس، ئىجتىمائىي تەرتىپ قالايمىقان. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا بەزى يېڭى زىددىيەتلەر ئوتتۇرىغا چىقتى، تاغ ئورمانلىقى، يايلاق، يەر، مال-مۈلۈك قاتارلىق جەھەتلەردىكى تالاش-تارتىشمۇ كۆپەيمەكتە. بەزى جايلاردا ئىدىيىۋى- سىياسىي خىزمەت ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى ئاجىز، بىر قىسىم كادىرلارنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى ئاددىي، بەزى سىياسەتلەر دېگەندەك ياخشى ئەمەلىيلەشمىگەن. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرى، ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە ئىجتىمائىي باشقۇرۇش ئىشلىرى تېخى بىر قەدەر ئارقىدا، دېموكراتىيە ۋە قانۇن-تۈزۈم تازا مۇكەممەل ئەمەس، دېھقانلارنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس. مانا بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى يېزا جەمئىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، يېزا جەمئىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش پارتىيىمىزنىڭ يېزا خىزمىتى بويىچە ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى، شۇنداقلا يېزا خىزمىتىدىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنداشنىڭ تۈپ كاپالىتى. يېزىلارنىڭ مۇقىملىقى مەسىلىسىگە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى يۈكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىپ، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، تەدبىر قوللىنىپ ئۇنى ھەل قىلىشى لازىم، يېزىلارنى مۇقىم قىلىش، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، دېھقانلارنى مۇقىم قىلىشتىن ئىبارەت. دېھقانلار مەسىلىسى ياخشى بىر تەرەپ قىلىنىپ، دېھقانلار خۇشال-خۇرام ياشىغاندا، يېزىلار مۇقىم بولىدۇ.

## يېڭى دەۋردىكى دېھقانلار مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش— پارتىيە رەھبەرلىكىنى مۇستەھكەملەشنىڭ كاپالىتى

دېھقانلار مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش-قىلالماسلىق ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋە ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك. ”پۇقرالار دۆلەتنىڭ ئۇلىدۇر، ئۇلى پۇختا بولسا، دۆلەتمۇ مۇقىم بولىدۇ“، جۇڭگودا ئەڭ كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان ”پۇقرالار“ دېھقانلاردۇر. دېھقانلار پارتىيىمىزنىڭ يېزىلاردىكى تايانچ كۈچى، شۇنداقلا دۆلىتىمىز ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ كەڭ، ئەڭ چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسىدۇر. دېھقانلارنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرگەندە، پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنى مۇستەھكەملىنىدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىز ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ دېھقانلارنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، ھاكىمىيىتىمىزنىڭ ئاساسى تەۋرىنىپ قالىدۇ، سوتسىيالىزم ئىشلىرى نابۇت بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ دېھقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى باشتىن-ئاخىر پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان زور سىياسىي مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پارتىيىمىز ئىزچىل تۈردە دېھقانلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلدى، كەڭ دېھقانلار پارتىيىنى ھىمايە قىلىدۇ، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. پارتىيىمىز ئۇزاق

مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا دېھقانلار بىلەن قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتتى، بىز بۇنى قوغدىشىمىز ۋە قەدىرلىشىمىز لازىم. ھەممىلا يولداش بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتىدىغان ۋە بۇ نۇقتىغا يۇكسەك ئېتىبار بېرىدىغان ئىش بولمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاز ساندىكى كادىرلار دېھقانلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتكۈزدى، دېھقانلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزى. بەزى جايلاردا پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئاجىز، چېچىلاڭغۇ، بەزىلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى ۋە تەسىر كۈچىنى يوقىتىپ قويىدى. بۇ ئەھۋاللار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، يېڭى دەۋردىكى دېھقانلار مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان بىر چوڭ سىياسىي مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. بىز دېھقانلار مەسىلىسىنى ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش دەيدىغان سىياسىي يۇكسەك-لىكتە تۇرۇپ تونۇشىمىز كېرەك. يېزا خىزمىتىدە سىياسىي نۇقتىدىن ئىش كۆرىمىز دەيدىكەنمىز، دېھقانلار مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە ئۇنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشىمىز، دېھقانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ پارتىيىگە ئەگىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا مېڭىشقا يېتەكلىشىمىز كېرەك.

شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىز بۈگۈنكى كۈندە دۇچ كېلىۋاتقان دېھقانلار مەسىلىسى سوتسىيالىس-تىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى دېھقانلار مەسىلىسى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى دېھقانلار مەسىلىسىدۇر. يېڭى دەۋردىكى دېھقانلار مەسىلىسى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكىدىن، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكىدىن ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇ-لۇشتىن ئىلگىرىكىدىن كۆپ پەرق قىلىدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، يېزىلاردى-كى كونا تۈزۈلمىنىڭ يېڭى تۈزۈلمىگە ئالمىشىشىغا ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، دېھقانلارنىڭ ئىدىيىۋى كۆزقارىشى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىدا ئىنتايىن زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە، دېھقانلار قانداق قىلىپ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەكتە. بۇ يېڭى ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن، يېڭى دەۋردىكى دېھقانلار مەسىلىسى يېڭى مەزمۇنغا، يېڭى ئالاھىدىلىككە ۋە يېڭى مۇرەككەپ خاراكتېرگە ئىگە بولدى. بىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى دېھقانلار مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا زۆرۈر بىلىملىرىمىز ۋە تەجرىبىلىرىمىز بولسا تازا يېتەرلىك ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ بۇ مەسىلىگە يۇكسەك ئېتىبار بېرىشىمىز ۋە ئۇنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. ئىشىنىمىزكى، كەڭ دېھقانلار پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشقا رازى،

www.uyghurkitap.com

پارتىيىمىز دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلالايدۇ. بىز ئۆزىمىزدە مۇشۇنداق ئىشەنچنى تۇرغۇزۇپ، يېڭى دەۋردىكى دېھقانلار مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئاڭلىقلىقىمىزنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

## يېڭى دەۋردىكى دېھقانلار خىزمىتىنى تېرىشىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى دەۋردە، دېھقانلار مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، دېھقانلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك دېگىنىمىز - دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە، ”پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش“تىن ئىبارەت ئاساسىي فاڭجېندا ۋە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان بىر قاتار فاڭجېن-سىياسەتلىرىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۈز مىليونلىغان دېھقاننى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، باي، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك بولغان سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش كېرەك دېگەنلىكتۇر.

دېھقانلار مەسىلىسىنىڭ يادروسى دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتى مەسىلىسىدۇر. دېھقانلارنى ئۆزۈل-كېسىل ئازادلىققا ۋە ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرگەندىلا، دېھقانلار ئاندىن قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ئۆتۈش يىللىرىدا، دېھقانلار ئىنقىلابىي ئۇرۇشنى قوللاپ، كومپارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭغانىدى، بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب كومپارتىيە دېھقانلارنىڭ زومىگەر پومېشچىكلەرگە زەربە بېرىپ، يەرلەرنى تەقسىم قىلىۋېلىشىغا رەھبەرلىك قىلدى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار سىياسىي جەھەتتە ئازادلىققا، ئىقتىسادىي جەھەتتە مەنپەئەتكە ئېرىشىپ، كومپارتىيىنىڭ ياخشىلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشقا، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بىر قاتار سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، دېھقانلارنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلدى، دېھقانلارغا كۆرگىلى بولىدىغان ماددىي مەنپەئەتنى كەلتۈرۈپ، زور كۆپ ساندىكى دېھقانلارنىڭ كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسىنى تېزلا ھەل قىلىپ،

ئۆلارنى ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ يېتەكلەپ ماڭدى، بۇنىڭ ئارقىسىدا دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى مىسلىسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، سوتسىيالىزمغا بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ چىڭىدى. ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ھەرقانداق سىنىپنىڭ ئاكتىپلىقى مۇئەييەن ماددىي مەنپەئەت ۋە سىياسىي ھوقۇقنى ئاساس قىلىدۇ، مۇشۇ ئاساستىن ئايرىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ساقلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. يېڭى دەۋردىكى دېھقانلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى پرىنسىپلارنى ئىگىلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك:

## دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك

دېھقانلارنى تېخىمۇ كۆپرەك ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرۈش-ئېرىشتۈرەلمەسلىك دېھقانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش-ئىتتىپاقلاشتۇرالماسلىق، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش-قوزغىيالماسلىقتىكى بىر تۈپ مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**1. يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنى ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ يېتەكلەپ مېڭىش كېرەك**

يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ئۇنۇۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىگە بۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنۇۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، بىرىنچىدىن، ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەبىئىي ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك، ئىككىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساقلاش، توشۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ بازار خەۋپ-خەتىرىگە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا، مائارىپ، ئۇچۇر مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ زاپاس كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىگە بۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتە، ئەڭ مۇھىمى، يېرىك تىپتىكى يېزا ئىگىلىكتىن ئۈنۈمدار تىپتىكى يېزا ئىگىلىكىگە بۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. بۇ بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ھالقىسى دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىغا ۋە بازارنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك بايلىقىدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى، يەردىن مەھسۇلات ئېلىش نىسبىتىنى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتىنى زور كۈچ بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكنى مەخسۇسلاشتۇرۇش، تاۋارلاشتۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئىلىم-پەن، مائارىپ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ھەقىقىي تۈردە پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە دېھقانلارنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تايىنىش يولىغا يۆتكەش لازىم.

يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، دېھقانلارغا قارىتىلغان تەشكىلاتچىلىق ۋە مۇلازىمەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. نۆۋەتتە مۇنداق ئىككى خىزمەتنى گەۋدىلىك ئورۇندا تۇتۇش لازىم: بىرىنچى، ئۈنۈملۈك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن دېھقانلارنىڭ دارامىتىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مەھسۇلاتنىڭ ئېشىشىغا يارىشا كىرىمىنىڭمۇ ئېشىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. تەمىناتقا كاپالەتلىك قىلىش، دارامەتنى ئاشۇرۇش يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىككى چوڭ ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىدۇر. دۆلەتكە ئاشلىق لازىم، خەلققە پۇل لازىم، ھەر ئىككى تەرەپنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى بوشاشتۇرماسلىق، كۆپ خىل ئىگىلىكنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش فاكچېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇۋاپىق يېزا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىش لازىم. ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىجتىمائىي-لاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، دېھقانلارنى ئىشلەپچىقىرىشتىن بۇرۇنقى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك. سودا، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن تەشكىلات ۋە دېھقانلار بىلەن بازارنى باغلاپ تۇرىدىغان ۋاستىچى تەشكىلاتلارنى ئاكتىپ راۋاجلاندۇرۇپ، يېزىلاردىكى ھەر خىل شەكىلدىكى ھەمكارلىق ۋە بىرلىشىشكە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە مەدەت بېرىش، شۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ بازارغا كىرىشىگە ياردەم بېرىش كېرەك. سودا، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن تەشكىلات بىر خىل يېڭى تىپتىكى يېزا كەسىپ تەشكىلاتى شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئائىلىۋى ئىگىلىك باشقۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرنىڭ كىچىك كۆلەملىك تارقاق ئىشلەپچىقىرىشنى ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنى بازار بىلەن، يېزا ئىگىلىكىنى سانائەت بىلەن، يېزىلارنى شەھەر بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان بۇ خىل تەشكىلات شەكلى مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىقتىسادىدا كۆلەملىك ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە ئۈنۈمدار ئىگىلىك باشقۇرۇشنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بىر خىل ئەندىزىسى، بىر يولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىزمەت ياخشى ئىشلەنسە، يېزا ئىقتىسادىنىڭ بازارلىشىش دەرىجىسىنى ۋە ئۈنۈمپەرسال ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرەلەيمىز. بىز توغرا سىياسەت ۋە ئۈنۈملۈك خىزمەت ئارقىلىق ئۇنى زور كۈچ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىتىشىمىز لازىم.

**2. "بېرىش" بىلەن "ئېلىش"نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش كېرەك**

دېھقانلارنى تېخىمۇ كۆپرەك ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرۈش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى جەھەتتىكى خىزمەتنى ئوبدان تۇتۇپ، بېرىش بىلەن ئېلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە كۆپ قېتىم توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: دېھقانلارغا بىر جەھەتتىن خىزمەت ئىشلەشنى، ئۇلاردىن ئۇنى-بۇنى ئېلىشنىلا بىلىپ، يەنە بىر جەھەتتىن خىزمەت ئىشلەشنى، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەدەنىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە كۆچىنىڭ بېرىچە ياردەم بېرىشنى بىلمىسىمۇ بولمايدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: ئالدى بىلەن ئۇندىن توققۇز ئۇلۇش ۋاقىتتا دېھقانلارغا نەرسە بېرىش، ئاندىن ئۇندىن بىر ئۇلۇش ۋاقىتتا دېھقانلاردىن نەرسە ئېلىش كېرەك. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ يەردە تۈپ خاراكېرگە ئىگە بىر خىزمەت پرىنسىپىنى، يەنى دېھقانلارغا كۆپرەك بېرىش، ئازراق ئېلىش پرىنسىپىنى ئىنتايىن ئوبرازلىق سۆزلەر بىلەن كونكرېت قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. نۆۋەتتە، كۆپرەك بېرىش دېگەنلىك، سىياسەت جەھەتتە يېزا ئىگىلىكىنى يۆلەش ۋە قوغداش، ماددىي جەھەتتە يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان سېلىنمىنى ئاشۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە دېھقانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، دېھقانلارغا كۆرگىلى بولىدىغان ماددىي مەنپەئەتنى داۋاملىق بېرىپ تۇرۇش دېگەنلىكتۇر؛ ئازراق ئېلىش دېگەنلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تەلىپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ھەر خىل يوللار بىلەن يېنىكلىتىش دېگەنلىكتۇر.

**3. ئىشچىلار بىلەن دېھقانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە دېھقانلار بىلەن ئالاقە قىلىش كېرەك**

دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى قوغداش جەھەتتە، ئىشچى-دېھقانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق قىلىپ توغرا بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى بار، بۇ—ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەشكە چېتىلىدىغان مۇھىم، پرىنسىپاللىق مەسىلىدۇر، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقى سىياسىي جەھەتتىكى ئىتتىپاق بولۇپلا قالماستىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىتتىپاقمۇ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئىشچى-دېھقانلارنىڭ مۇناسىۋىتى تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا بىر خىل ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا ياردەم بەرگەندىلا، سىياسىي جەھەتتىكى ئىتتىپاقى ئاندىن مۇستەھكەم بولالايدۇ. يېزىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غايەت زور ئىستېمال قىلغۇچى بازاردۇر. دېھقانلارنىڭ چۆنتىكىدە پۇل كۆپەيسە، سېتىۋېلىش كۈچى ئاشسا، مەملىكىتىمىزنىڭ سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ بازىرى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ، سانائەتلىشىشنىڭ سۈرئىتى ئاندىن تېزلىشىدۇ. مەملىكىتىمىزدە سانائەتلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش داۋامىدا، دېھقانلارنىڭ جۇغلانما بىلەن تەمىنلەشى، تۆھپە قوشۇشى بىز مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان بىر باسقۇچتۇر. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۇردۇق، زور كۆپ ساندىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى پەيدىنپەي قويۇۋەتتۇق، باھا مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. لېكىن ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيان شەكىللىنىپ قالغان ئىككى مەنبەلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلما تېخى تۈپ ئاساسىدىن ئۆزگەرگىنى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن سانائەت-يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىكى نامۇۋاپىق باھا پەرقى يەنىلا دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ تۇرىدىغان ئامىل بولۇپ تۇرماقتا. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ يولى يەنىلا شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەھەر بىلەن يېزىنىڭ، ئىشچىلار بىلەن دېھقانلارنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش ۋە ياخشىلاش، مىللىي دارامەتنىڭ تەقسىمات ئەندىزىسىنى تەڭشەش، بازار قائىدىسى بويىچە سانائەت-يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھا پەرقى مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇش، دېھقانلار بىلەن باھا قانۇنىيىتى بويىچە ئالاقە قىلىش، يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى سانائەت ۋە تۇرلۇك كەسىپلەرنىڭ مۇھىم بىر تۈرلۈك ۋەزىپىسى قىلىپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان تاشقى مۇھىت يارىتىپ بېرىش لازىم.

## دېھقانلارنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك

دېھقانلارنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش دېگەنلىك، دېھقانلار ئاممىسىغا ئىشىنىش ۋە تايىنىش، دېھقانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا، دېھقانلارنىڭ ئارزۇلىرىغا، دېھقانلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىش، دېھقانلارنىڭ تارىخىي تەشەببۇسكارلىقىنى جارى قىلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

### 1. دېھقانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش

دېھقانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش — يېزا ئىسلاھاتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزدىكى ئاساسىي تەجرىبىدۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەن: بىز "يېزىلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلىپ، دېھقانلارغا ۋە ئاساسىي قاتلاملارغا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى بېرىۋىدۇق، دېھقانلار ۋە ئاساسىي قاتلامدىكىلەرنىڭ بىراقلا ئاكتىپلىقى قوزغىلىپ كەتتى." دېھقانلارنىڭ

ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش هوقۇقىغا هۆرمەت قىلىپ، دېهقانلارنىڭ ئىشلىرىنى دېهقانلارغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىش خىزمەت ئۇسۇلى مەسىلىسىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى تۈپ خىزمەت لۇشيەنى مەسىلىسى بولۇپمۇ هېسابلىنىدۇ. دېهقانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئەڭ چوڭ، ئەڭ ھەقىقىي دېموكراتىيە هوقۇقىدۇر. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېهقانلار ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە. دېهقانلارغا ئىشىنىمىز ۋە تايىنىمىز دەيدىكەنمىز، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى داۋامىدا، دېهقانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈشكە يول قويۇشىمىز، يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇشتا، دېهقانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشىغا ياردەم بېرىشىمىز لازىم.

دېهقانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش ۋە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش هوقۇقىغا ھەقىقىي هۆرمەت قىلىش كېرەك. دېهقانلار ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان جاينىڭ تەبىئىي بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى، تەبىئىي شارائىتىنى، ئىشلەپچىقىرىش ئەنئەنىسىنى ھەممىدىن ئېنىق بىلىدۇ، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز دېهقانلارغا سىياسەت جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇلارنى بازار ئۇچۇرى، تېخنىكا مۇلازىمەتچىلىكى بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا زىيادە ئارىلىشىۋالماسلىقىمىز كېرەك، ئۇلارغا قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىشىمىزغا تېخىمۇ بولمايدۇ. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش دېگەنلىك — جەزمەن تەبىئىي ۋە ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىش، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئىش قىلىش دېگەنلىك؛ چوقۇم ئۆز جايىنىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈش، ھەممىدە جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىش، نېمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باب كەلسە شۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇۋاپىق كەلمىسە، زورمۇزور قىلماسلىق دېگەنلىكتۇر. كونكرېت ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكىللىرىنى، جۈملىدىن بىرلەشمە ۋە ھەمكارلىق شەكىللىرىنى دېهقانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بەلگىلىشىگە يول قويۇش كېرەك. قەيەرگە قايسى خىل شەكىلنى قوللانغاندا ئىشلەپچىقىرىشنى ئاسانراق ۋە تېزرەك تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولسا، شۇ يەرگە شۇ خىل شەكىلنى قوللىنىش، ئامما قايسى خىل شەكىلنى قوللىنىشنى خالىسا، شۇ خىل شەكىلنى قوللىنىش لازىم.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى تەشكىللىي قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇ-رۇش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇ-رۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. دېهقانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش، ئۆزىنى ئۆزى چەكلەپ تۇرۇش ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دېهقانلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، يېزىلاردا ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە ياخشى ئىجتىمائىي تەرتىپنى بارلىققا كەلتۈرۈپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېزا جەمئىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئىدىيىۋى قاراش، خىزمەت ئۇسۇلى جەھەتتە بۇرۇلۇش ياساپ، دېھقانلارغا بىۋاسىتە مەمۇرىي قوماندانلىق قىلىشنى ئاساس قىلىشتىن دېھقانلارنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشكە ئۆتۈشى لازىم. بۇ يەردە تەكىتلەپ كۆرسىتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، دېھقانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش بىلەن رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش بىردەك بولىدۇ، بۇ قول ئۈزۈپ كارى بولمىسىمۇ، ئۆز خاھىشىغا قويۇۋەتسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى ھاكىمىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يېنىكلەتكەنلىكمۇ ئەمەس. بۇنىڭ ئەكسىچە، يېزىلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ، ئۇلارغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك تەشكىللىشى ۋە ئۈنۈمگە ئۈنۈملۈك رەھبەرلىك قىلىشى ئارقىلىق، دېھقانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈشچانلىقى، ئاكتىپچانلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇش لازىم.

## 2. دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش

دېھقانلار مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا، پارتىيە ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن ئاما ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. ھازىر دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇنداق بىر ئەھۋال بار، ئۇ بولسىمۇ، بەزى يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ھەمىشە يۇقىرىغا جاۋابكار بولۇش بىلەن دېھقانلارغا جاۋابكار بولۇشنى قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. ئۇلار خىزمەتتە يېزىلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلمايدۇ، خىزمەت ئۇسۇلىغا دىققەت قىلمايدۇ، دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلمايدۇ. بەزىلىرى دېھقانلارنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىغا قارىماي، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، دېھقانلارغا ئېغىر سېلىق سېلىۋاتىدۇ؛ بەزىلىرى ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋاتىدۇ. بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ھەر خىل سەۋەبلەر بار. بەزىلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرىنىڭ بيۇروكراتلىقىدىن كېلىپ چىققان، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان ۋەزىپە ۋە كۆرسەتكۈچلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان؛ بەزىلىرى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئۆزىدىكى ئىدىيىۋى ئىستىل مەسىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ئۇلار شەكىلۋازلىق قىلىشقا، بۇيرۇقۋازلىق قىلىشقا، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە ئادەتلىنىپ قالغان؛ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ۋە كادىرلارنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى جەھەتتىكى سەۋەبلەرمۇ بار. دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش — قانداق قىلىپ دېھقانلارنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئۇلارغا توغرا مۇئامىلىدە بولۇش مەسىلىسىدۇر. كادىرلىرىمىز شۇنى بىلىشى كېرەككى، يۇقىرىغا جاۋابكار بولۇش بىلەن دېھقانلارغا جاۋابكار بولۇش تۈپتىن بىردەك. يېزا خىزمىتىنى ئىشلىگەندە، يۇقىرىغىمۇ جاۋابكار بولۇش كېرەك. دېھقانلارغىمۇ جاۋابكار بولۇش

كېرەك، يۇقىرىغا جاۋابكار بولغانلىق دېھقانلارغا جاۋابكار بولغانلىق بولىدۇ. چۈنكى، پارتىيىمىز جان-دىل بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدۇ، پارتىيىمىزنىڭ خەلق مەنپەئەتىدىن سىرت ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى يوق. بۇ مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرى تەدبىر بەلگىلەش، مەسىلەر ئۈستىدە ئويلىنىش، ئىش بېجىرىشتە يېزىلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى نەزەردە تۇرۇشى، ئالدى بىلەن دېھقانلارنىڭ غېمىنى يېيىشى لازىم. خىزمەتلەرنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئاقىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى، رايونلارنىڭ شارائىتلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ، ئۇلارغا ئوخشاشمايدىغان تەلەپلەرنى قويۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، چوڭقۇر، ئىنچىكىلىك بىلەن خىزمەت ئىشلەش لازىم، دېھقانلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويىدىغان تەدبىرلەرنى قوللانماسلىق، دېھقانلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلماسلىق لازىم. يۇقىرىدىن چۈشۈرۈپ بەرگەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش كېرەك، ئەمما ئۇسۇلغا دىققەت قىلماسلىقتا، سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. دېھقانلار بىلەن بامەسلىھەت ئىش قىلىشقا ماھىر بولۇش، دېھقانلارغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈش، دېھقانلارنى قايىل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش ھەمدە ھالىغا بېقىپ ئىش قىلىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ئۈلگە كۆرسىتىش ئۇسۇلى بىلەن خىزمەتلەرنى ئالغا سۈرۈشكە ماھىر بولۇش لازىم. بەزى ئىشلار گەرچە ياخشى ئىش بولسىمۇ، كۆپ ساندىكى دېھقانلار ۋاقتىنچە تونۇپ كېتەلمىگەن چاغدا، ئۇنى يولغا قويۇشقا ئالدىراپ كەتمەي، ئاۋۋال ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك. سورتلۇق ئۇرۇق ۋە تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا، ئۈلگىلىك ئائىلە تىكلەش ئوبدان ئۇسۇلدۇر. يېزىلاردىكى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا دائىر بىرنەچچە چوڭ ئىشلار، چالغۇت سورتىنى ئومۇملاشتۇرۇش، يەرگە يوپۇق يېپىش ئىشلىرى مانا مۇشۇنداق بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن. يېزىلاردىكى ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشتىمۇ يېتەكلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. قىسقىسى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئاممىغا يېتەكچىلىك قىلىپ سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋاقتىدا، چوقۇم ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ھەر جاينىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەھۋالغا قاراپ يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. ئەمەلىي مىساللارنىڭ كۆچىگە، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشقا بولغان تونۇشىغا، چوڭقۇر، ئىنچىكىلىك بىلەن ئاممىۋى خىزمەت ئىشلەشكە تايىنىشقىلا بولىدۇكى، بۇيرۇقۋازلىق قىلىشتەك خاتالىقنى قايتا تەكرارلاشقا بولمايدۇ، بۇ مۇھىم بىر پرىنسىپ.

### 3. دېھقانلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىش

خەلق ئاممىسى چەكسىز ئىجادچانلىققا ئىگە. ئۇلار تارىخنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەقىقىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر. بىز ماتېرىيالىستىك تارىخ قارىشىدا چىڭ تۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئاڭلىق ھالدا ماركسىزمنىڭ بۇ ئاساسىي قائىدىسىنى تەتبىق قىلىپ تۇرۇپ خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز، ”ئاممىدىن ئېلىپ

ئامىغا قايتۇرۇش"تىن ئىبارەت خىزمەت لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يېزا ئىسلاھاتى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، يېزىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر قاتار سىياسەتلەر بارلىققا كەلدى، بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، بىزنىڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلغانلىقىمىزدا. ئائىلىلەرگە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇشى ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ بىردىنلا بارلىققا كېلىشى قاتارلىقلار دېھقانلارنىڭ ھەممىسى دېھقانلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا ھۆرمەت قىلغانلىقنىڭ نەتىجىسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەن: "يېزىلاردا ئائىلىلەرگە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىشتىن ئىبارەت بۇ كەشپىيات ھوقۇقى دېھقانلاردا. يېز ئىسلاھاتىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاساسىي قاتلامدىكىلەر ئىجاد قىلغان، بىز ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۆستۈرۈپ پۈتۈن مەملىكەتكە يېتەكچى قىلدۇق". بۇ مەسىلىنى شۇنىڭ ئۈچۈن تەكىتلىدۇقكى، بىرىنچى، يېزىلىرىمىز دەل يېڭى تۈزۈلمە بىلەن كونا تۈزۈلمە ئالمىشىۋاتقان تارىخىي جەرياندا تۇرۇۋاتىدۇ، بىز نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىگە دۇچ كەلمەكتىمىز، نۇرغۇن نەرسىلەر بىزگە تونۇشلۇق ئەمەس، قانۇنىيەتنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز يېتەرلىك ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا، ئەھۋاللارغا توغرا ھۆكۈم قىلىش ھەمدە يېزىلارنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈش ئۈچۈن، ئامىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىشىمىز، دېھقانلارنى سىناق قىلىشقا ۋە ئىجاد قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك. ئىككىنچى، يېزىلىرىمىزنىڭ يېرى كەڭ، تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسى، تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇھىتى زور پەرقلىنىدۇ، ھەممە يەرگە باب كېلىدىغان بىر يولنى كۆرسىتىپ بېرەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. پەقەت ھەر جاينىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، كەڭ دېھقانلارنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا، شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولغان تەرەققىيات يولىنى تېپىپ چىقىشىغا ئىلھام بېرىشىمىزگىلا توغرا كېلىدۇ.

دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىشتا، دېھقانلارنىڭ ئىجادىيىتىگە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش مەسىلىسى تۇرۇپتۇ. توغرا پوزىتسىيە دېھقانلارنىڭ يۈرەكلىك سىناق قىلىشى ۋە ئىزدىنىشىگە يول قويۇش ۋە ئىلھام بېرىشتىن، پىششىقلاش-يەكۈنلەش، پەيدىنپەي ئۆستۈرۈش ۋە قائىدىگە سېلىش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. يېزىلاردا بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئىلەرگە ھەم تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك، ھەم سالماقلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش لازىم، ھەم ئالدىراپ يولغا قويماسلىق، ھەم ئالدىراپ توسۇپ قويماسلىق كېرەك. شەرت-شارائىتنىڭ پىشىپ يېتىلىشىدە، ئاممىنىڭ ئىختىيارىيلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ تۇرۇشقا ھەر ۋاقىت ئەھمىيەت بېرىش لازىم. يېڭىلىق

يارىتىش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە مەنبەسى. ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىقتىسادىدىن ئېيتقاندا، ھەر قېتىملىق زور تەرەققىيات بىر قېتىملىق زور يېڭىلىق يارىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى ئىشلارنى ئەسلەپ باقىدىغان بولساق، ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى تەرەققىياتى ئۈچ چوڭ يېڭىلىق يارىتىشنى باشتىن كەچۈردى. بىرىنچى، تۈزۈلمە جەھەتتىكى يېڭىلىقتۇر، ئائىلىلەرگە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن يۈز مىليونلىغان دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى بىراقلا قوزغىلىپ كەتتى؛ ئىككىنچى، قۇرۇلما جەھەتتىكى يېڭىلىقتۇر، كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، ئاشلىقنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆپ خىل ئىگىلىك پائال راۋاجلاندۇرۇلۇپ، يېزا-بازار كارخانىلىرى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭ زېمىن ئېچىلدى؛ ئۈچىنچى، تېخنىكا جەھەتتىكى يېڭىلىقتۇر، يېڭى سورتلارنى يېتىشتۈرۈش، ئىلغار پەرۋىش تېخنىكىلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىككە بۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بۇ ئۈچ يېڭىلىق يېزا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دېھقانلار ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات داۋامىدا يەنە بەزى يېڭى نەرسىلەرنى ياراتتى، بەزى جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، بۇ نەرسىلەر ناھايىتى جانلىق، ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولغان. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق يېڭى ئىجادىيەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. دېھقانلارنىڭ ئىجادىيىتىنى يەنىلا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېگىنىدەك، سىناق قىلىشقا يول قويۇش، كۆرۈپ بېقىشقىمۇ يول قويۇش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، يېزا ئىسلاھاتىدا بارلىققا كېلىشكە تېگىشلىك ناھايىتى كۆپ نەرسىلەر بارلىققا كېلەلمەيدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر يېزا خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلغاندا، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۆگىنىشكە، ئاممىدىن ئۆگىنىشكە كۈچ سەرپ قىلىشى، ئاممىنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىشى ھەمدە ئاممىنىڭ ئىجادىيىتىدىن قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى يەكۈنلەپ چىقىپ، توغرا سىياسەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ماھىر بولۇشى لازىم.

## دېھقانلارنى يېتەكلەش ۋە تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش كېرەك

بىز شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، كەڭ دېھقانلار ئاممىسى ئاڭ-سېزىمىغا ئىگە، ئۇلار پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال تۈردە ئۆز كۈچىنى

www.uyghurkitap.com

بېغىشلايدۇ، بۇ ئاساسىي تەرەپتۇر. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ھازىرقى باسقۇچتا، دېھقانلار ئارىسىدا ساقلىنىپ بولمايدىغان بەزى كونا ئىدىيە ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، يېزىلاردا يەنە بەزى نادانلىق، قالاقلىق ئىللەتلىرى بار، دېھقانلارنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسى جەھەتلەردە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ماس كەلمەيدىغان مەسىلىلەر تېخىچە ساقلانماقتا. شۇڭلاشقا، دېھقانلارنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئالغا بېسىشىغا باشلامچىلىق قىلىش ئۈچۈن، بىز ھەم ماددىي مەنپەئەت پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ھەم دېھقانلارغا ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇشىمىز، دېھقانلارنى يېتەكلەش، تەربىيىلەشنى، جۈملىدىن زۆرۈر باشقۇرۇشنى بوشاشتۇرۇپ قويماي، دېھقانلارنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. دېھقانلارنىڭ ئېڭى ئۆسسە، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ. بۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە يېزىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، دېھقانلارنى تەربىيىلەش ۋە يېتەكلەشنى كۈچەيتىش دېھقانلارنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن.

كەڭ دېھقانلارغا ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە ۋە سىياسەت تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش پارتىيە-نىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان ئۇزاق مۇددەتلىك مۇشكۈل ۋەزىپىسى. بۇ ۋەزىپىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇ-رۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈش كېرەك، ئۇزاق مۇددەت ئىنچىكىلىك بىلەن خىزمەت ئىشلەش، ئۇنى يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇنىڭدا ئومۇمىي تەلەپ: يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، دېھقانلارنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق سەۋىيىسىنى ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولغان يېڭى دېھقانلارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئېتىقادىنى چىڭىتىش لازىم. يېزىلارنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىدىكى رېئال مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە كۆز ئالدىدىكى ئۇلۇغ ۋەزىپىلەرنى، ئاممىنىڭ بىۋاستە تەسىراتى ۋە تەجرىبىسىنى دەرسلىك قىلىپ، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان تۈپ سىياسەتلىرى توغرىسىدا جانلىق تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، كەڭ ئاممىنىڭ پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك ئەخلاق تەربىيىسى، ئاساسلىقى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق ۋە سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش لازىم. دېھقانلارنىڭ دۆلەت مەنپەئىتى، كوللېكتىپ مەنپەئەت، شەخسىي مەنپەئەتنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك كوللېكتىپچىلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇشىغا، ئومۇمىيلىقنى كۆزلەش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش ۋە نامراتلارنى يۆلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئاڭلىق ئادا قىلىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك. يېزىلاردا ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىلىم-پەننى تەشەببۇس قىلىپ، فېئودال خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش؛ مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلىپ، نادانلىق، قالاقلىقنى

تۇگتىش؛ ئىقتىساد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش لازىم. ھەقىقىي تۇردە ئۇنۇملۇك خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، توي-تۆكۈن ۋە ئۆلۈم-يىتىم ئىشلىرىدىكى قالاق ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، چىرىك ئىدىيە-ئەخلاقنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، يېزا جەمئىيىتىنىڭ كەيپىياتىنى ياخشىلاش لازىم. ئۈچىنچى، دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. دېھقانلار ئارىسىدا زور كۈچ بىلەن قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، كىشىلەرگە پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى بىلدۈرۈش، ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان قانۇن ۋە ئىنتىزامنى بىلدۈرۈش، ئۇلاردا قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. يېزىلاردا تۈرلۈك قانۇن-نىزام، قائىدە-تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا نىزاملىرى ۋە جامائەت ئەھدىنامىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەنتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، يېزا جەمئىيىتىنىڭ ئامانلىقىنى ئۇنۇملۇك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇنغا خىلاپ تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە قەتئىي زەربە بېرىش لازىم. تۆتىنچى، پەن-مەدەنىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش كېرەك. يېزا ئاساسىي تەربىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، دېھقانلارغا بولغان كەسپىي تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي تېخنىكا كۇرسى ئېچىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىپ، دېھقانلار ئائىسىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، دېھقانلارنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بەشىنچى، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتەك ئېسىل ئەنئەنە توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم. نۆۋەتتە، بولۇپمۇ يېڭى دەۋردە جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەش روھىنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، ئۆيىنى تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن تۇتۇشنى بىر خىل دەۋر روھى سۈپىتىدە يېزىلاردا ۋە دېھقانلار ئارىسىدا كەڭ تەشۋىق قىلىپ ۋە بۇ توغرىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى يېڭى دەۋردىكى مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇش لازىم. يېزىلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتتە، دېھقانلار ئاساسىي گەۋدە بولىدۇ. دېھقانلارغا تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا، يېزىلار ۋە دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جانلىق-تېتىك، ئاممىباب، دېھقانلار ياقتۇرىدىغان شەكىللەرنى قوللىنىش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

## دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئوبدان يېتەكلەش، ئوبدان قوغداش، ئوبدان جارى قىلدۇرۇش كېرەك

يېزىلىرىمىزنىڭ 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، چوقۇم كەڭ دېھقانلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى، ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىغا تايىنىش كېرەك. دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئوبدان يېتەكلەشكە، ئوبدان قوغداشقا، ئوبدان جارى قىلدۇرۇشقا ئىنچىل ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

# پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان ئاساسىي سىياسەتلىرىدە چىڭ تۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش كېرەك

11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز نەچچە ئون يىللىق يېزا خىزمىتىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، يېزا ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىغا، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق بولغان بىر يۈرۈش ئاساسىي سىياسەتلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان ئاساسىي سىياسەتلىرى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە يەنىلا كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە. پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان ئاساسىي سىياسەتلىرىنىڭ ماھىيەتلىك ئۈچ خۇسۇسىيىتى بار: بىرىنچى، دېھقانلارغا ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغاش؛ ئىككىنچى، يېزا ئىقتىسادىنى بازارغا كىرگۈزۈپ، بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش؛ ئۈچىنچى، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى قوغداش ۋە يۆلەش. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش. پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان ئاساسىي سىياسەتلىرى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلۇپ ئۆزگەرتىلمەيدۇ، دېگەنلىك، ماھىيەتتە، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش سىياستى ئۆزگەرتىلمەيدۇ، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ بازارغا يۈزلەنگەن يۆنىلىشى ئۆزگەرتىلمەيدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى يۆلىشى ۋە قوغدىشىنى كۈچەيتىش فاكچېنى ئۆزگەرتىلمەيدۇ، دېگەنلىكتۇر. تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۆزگەرتىلمەيدۇ، دېگەنلىكتىن ئىبارەت. پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان ئاساسىي سىياسەتلىرىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئائىلىلەرگە مەسئۇلىيەتنى باغلاپ ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. بۇ پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان تۈرلۈك سىياسەتلىرىنىڭ ئاساسى، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ۋە قوغداشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، بۇنى يېزىلىرىمىزنىڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمى سۈپىتىدە ئۇزاققىچە مۇقىملاشتۇرۇشىمىز ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇنى قەتئىي تەۋرەنمەي يېزا

خزمىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ ھەمدە دائىم دېھقانلارغا تەشۋىق قىلىپ، چۈشەندۈرۈپ، دېھقانلارنى سىياسىتىمىز-نىڭ ئۇزاققىچە مۇقىملىقىغا چىن دىلىدىن ئىشىنىدىغان قىلىش لازىم.

## يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا يېتەكلەش كېرەك

يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئومۇمىي نىشان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە باب كېلىدىغان يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىش. بۇ تەلەپ بويىچە، مۇھىم نۇقتىنى يېزىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكنى يۆلەش ۋە قوغداش سىستېمىسىنى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىشكە قويۇش لازىم. بۇ ئاساسەن، قانداق قىلىپ ئائىلىلەرگە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ھەقلىق ئوبوروت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، شەرت-شارائىتى بار جايلاردا مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش؛ قانداق قىلىپ يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتچىلىك سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇپ، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ مۇلازىمەتچىلىك ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش؛ قانداق قىلىپ دېھقانلارنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى ھەمكارلىق ۋە بىرلەشمىنى، دېھقان ئائىلىلىرى بىلەن بازارنى بىرلەشتۈرىدىغان ۋاستىچى تەشكىلاتلارنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىپ، سودا، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش؛ قانداق قىلىپ تەمىنات-سودا كوپېراتىپى بىلەن ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىنى ھەقىقىي يوسۇندا دېھقانلارنىڭ ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە خزمەت قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش؛ قانداق قىلىپ مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھا سىستېمىسىنى، سېتىۋېلىش ۋە سېتىش تۈزۈلمىسىنى ۋە زاپاس ساقلاش-تەڭشەش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىكنى يۆلەش ۋە قوغداش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇپ، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا ۋە ئىزدىنىشكە موھتاج. يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئاساسىي مەقسەت كەڭ دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ قوزغاش، يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش. بۇنىڭدا ئاساسىي پرىنسىپ يەنىلا ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى

ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش؛ تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللىنىش-قوللانماسلىقنى بەلگىلەش ۋە ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ پايدىلىق بولغان-بولمىغانلىقىنى ئۆلچەشتە "ئۈچكە پايدىلىق بولۇش"نى تۈپ ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. ئون نەچچە يىللىق يېزا ئىسلاھاتىدا توپلانغان بۇ ئاساسىي تەجرىبىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

## كادىرلار ئىستىلىدا بۇرۇلۇش ياساپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوغداش كېرەك

ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. ئاساسىي قاتلام مەسىلىسىنىڭ يادروسى كادىرلار مەسىلىسىدۇر. رەھبەرلىك ئىستىلى، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى بىۋاستە ھالدا پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى نامايان قىلىدۇ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەريانىدا، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل تۇتۇش كېرەك. بىرىنچى، تەربىيىلەش ۋە چېنىقتۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئارىسىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي سىياسەتلىرى توغرىسىدا، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت مەقسىتى توغرىسىدا، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەنى توغرىسىدا، ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىشتىن ئىبارەت ئىستىلى توغرىسىدا، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، ۋەتەننى تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئەنئەنىسى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم. ئىككىنچى، ئىلمىي ۋە ئۈنۈملۈك بولغان بىر يۈرۈش رىغبەتلەندۈرۈش ۋە چەكلەش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. كادىرلارنىڭ ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، ئەمەلىيەتكە قاتنىشىپ، ئامما ئارىسىغا چۆكۈپ، يېزىلارنىڭ ئەھۋالىنى، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ تەلەپلىرىنى، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ كەيپىياتىنى ھەقىقىي ئىگەللەپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشغا ھەقىقىي تۈردە ياردەم بېرىپ، دېھقانلارغا چىن كۆڭلىدىن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىشنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ يېزا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار تىرىشىپ ئۆزىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان سىياسىتىنى، يېزىلاردا خىزمەت ئىشلەش ئۇسۇلىنى بىلىدىغان، يېزا ئىگىلىكىنى

زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەردىن قىلىپ چىقىشى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېھقانلار ئاممىسىنى ئۇتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە باشلاپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە كۈرەش قىلىشى لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا**
**ئايشەم تاۋار**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

# ئومۇمىيلىق ئېڭىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «تەكلىپ»نى ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزىنى ئۆگىنىشتە، بىر نۇقتىنى يەنى پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئومۇمىيلىق كۆزقارىشىنى مۇستەھكەم تىكلىشى، ئومۇمىيلىق ئېڭىنى كۈچەيتىشى لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ، ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئومۇمىيتىنى ئىگەللەپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادى ئىزچىل راۋاجلىنىۋاتقان، جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلەۋاتقان، ھاياتىي كۈچكە ۋە ئۈمىدكە تولغان جۇڭگونى 21-ئەسىرگە ئېلىپ كىرىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئومۇمىيلىق دېگەن سۆز قىسمەنلىككە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، ئىككىسى دىئالېكتىك بىرلىككە ئىگە، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن باغلىنىدۇ ۋە بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. قىسمەنلىك بولمىسا، ئومۇمىيلىقمۇ بولمايدۇ، ئومۇمىيلىق قىسمەنلىكتىن ئايرىلغان ھالدا ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، ئومۇمىيلىق قىسمەنلىككە ئېتىبار بېرىشى كېرەك، لېكىن ئومۇمىيلىق قىسمەنلىكتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، چۈنكى ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى ئومۇمىيلىقنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا بىز ئومۇمىيلىق ئېڭىمىزنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىيلىقنى چۈشىنىشىمىز، ئومۇمىيلىقنى تەتقىق قىلىشىمىز، ئومۇمىيلىقنى توغرا ئىگەللەشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. بىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. بىر پۈتۈن گەۋدىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ خىزمىتى بىر ئومۇمىيلىق ھېسابلىنىدۇ، بىرەر رايون، بىرەر تارماققا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۇ رايوننىڭ، شۇ تارماقنىڭ خىزمىتىنىمۇ بىر ئومۇمىيلىق دېيىشكە بولىدۇ. بىز ئۆز رايونىمىز، ئۆز تارمىقىمىزنىڭ بۇ ئومۇمىيلىقىنى ئىگەللەش بىلەنلا قالماي، بەلكى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئومۇمىيتىنىمۇ كۆڭلىمىزگە پۈكۈشىمىز كېرەك،

مانا بۇلا بىزدە ئومۇمىيلىق ئېڭىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن پۈتكۈل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

ئومۇمىيلىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىيلىقنى ھەقىقىي ئىگىلەش ئۈچۈن، بىزنىڭ دىققەت-ئېتىبارىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئالدى بىلەن ئومۇمىيلىققا چېتىلىدىغان چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرگە قويۇشىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ. بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان ئىش بولغاچقا، بۇ ئىش داۋامىدا خىلمۇخىل مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. لېكىن ئالدى بىلەن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ-چوڭ مەسىلىلەردۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە "بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا"دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەن شۇنداقلا "پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش، مۇقىملىقنى ساقلاش" دېگەن فاڭجېن پارتىيىمىزنىڭ ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇشى شەرت بولغان ئاساسىي نەزەرىيە، ئاساسىي لۇشيەن ۋە ئاساسىي فاڭجېن، شۇنداقلا بىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ئومۇمىيلىقنى تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئىگىلىشىمىزدىكى ئاساسىي يېتەكچى ئىدىيە ۋە باش ئاچقۇچتۇر. پەقەت مۇشۇ "ئۈچ ئاساسىي"نى ھەقىقىي ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن چىگىش-مۇرەككەپ ھادىسىلەردىن ئۆتۈپ، شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكىلى، ئومۇمىيلىقنى بەلگىلەيدىغان نەرسىنى ئىگىلىۋالغىلى بولىدۇ. يولداش جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنى "ئۈچ ئاساسىي" يېتەكچى قىلىپ تۇرۇپ، ئومۇمىي خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىشنىڭ نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ بايان قىلغان 12 چوڭ مۇناسىۋەت ئومۇمىيلىقنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، تارىخىي ۋە رېئال تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ھەر بىر مەسىلە پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ياخشى بىر تەرەپ قىلىنسا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىدۇ، ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ. بىز يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ پرىنسىپ ۋە فاڭجېنلىرىنى ئۆگىنىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئومۇمىيلىقنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، مەسىلىلەرنى كۆزىتىشكە، مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشقا، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇشتىكى مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلىنىمۇ ئۆگىنىپ، رەھبەرلىك سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈپ،

www.uyghurkitap.com

ئومۇمىيلىقنى ئىگەللەش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

ئومۇمىيلىق ئىگىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بىزنىڭ ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىكنىڭ، مەركەز بىلەن جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، ھەم ئومۇمىيلىققا كاپالەتلىك قىلىشىمىز، ھەم قىسمەنلىككە ئېتىبار بېرىشىمىز، مەركەزنىڭ ئاكتىپلىقى بىلەن جايلارنىڭ ئاكتىپلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ئاكتىپلىقنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىزمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇرۇن ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە شارائىتىدا، قىسمەنلىكنىڭ ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇشىنى، مەركەزنىڭ مەركەزلەشتۈرۈشى ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشىنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەپ، قىسمەنلىككە يېتەرلىك دەرىجىدە ئېتىبار بېرەلمىگەچكە، جايلار بىلەن تارماقلارنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرەلمىگەچكە، قىسمەنلىكنىڭ ئاكتىپلىقى، ئىجادچانلىقى چەكلىمىگە ئۇچرايتتى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، مەركەز دۆلەت بىلەن جايلار، تارماقلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى زۆرۈر دەرىجىدە تەڭشىدى، بۇ جايلار، تارماقلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. لېكىن، قىسمەنلىككە لايىقىدا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى بېرىش، ئەقلىگە مۇۋاپىق مەنپەئەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك دېگەنلىك قىسمەنلىكنى ئومۇمىيلىققا بويسۇندۇرۇش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن مەقسەت بازارنى دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشى ئاستىدا بايلىقنى تەقسىملەش جەھەتتە ئاساسلىق رول ئوينايدىغان قىلىپ، پىلان بىلەن بازاردىن ئىبارەت ئىككى خىل ۋاسىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش: ھەم سىستېمىلار، رايونلار ئارىسىدىكى بۆلۈنمىچىلىك، بېكىنمىچىلىكنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئادىل رىقابەتنى قوغداپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، مەملىكەت بويىچە بىر پۈتۈن بازارنى بەرپا قىلىش، ھەم خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلمىسىنىڭ سەرخىللىشىشى، ئومۇمىي مىقدارنىڭ تەڭپۇڭلىشىشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈپ، دۆلەتنىڭ زۆرۈر ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنى تەرتىپلىك يۈرۈشۈش ۋە ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ھال بىزدىن ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، مەركەز بىلەن جايلارنىڭ ئىقتىساد باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسىنى مۇۋاپىق ئايرىپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئىش باشقۇرۇش ھوقۇقى، مالىيە ھوقۇقى ۋە تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەم ئومۇمىي مەنپەئەتنىڭ بىردەكلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بولۇشنى، ھەم قىسمەن مەنپەئەتنىڭ جانلىقلىقىغا ئېتىبار بېرىدىغان بولۇشنى؛ ھەم دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈشنى

قوغدايدىغان بولۇشىنى، ھەم مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ ستەكچىلىكدە جايلارغا زۆرۈر ھوقۇق بېرىدىغان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ھوقۇقى مەركەزگە مەركەزلەشكەن بولۇشى كېرەك. مەركەز ھوقۇقىنى بىر تۇتاش ياخشى يۈرگۈزۈپ، ئومۇمىي مەنپەئەتكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جايلار بىلەن تارماقلارنىڭ مۇۋاپىق مەنپەئەتنى ۋە تەلپىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ ھەرقايىسىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئىجادچانلىق بىلەن خىزمەت ئېلىپ بېرىشىنى قوللىشى كېرەك؛ جايلار ۋە تارماقلار مەركەز بەرگەن خىزمەت ھوقۇقىدىن توغرا پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىنى ياخشى تەڭشىشى، مەركەزنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشى، ئۆز جايىنىڭ خەلقى ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنى بىرلەشتۈرۈشى، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلىرىغا نەمۇنىلىك بىلەن بويسۇنۇشى، مەركەزنىڭ قارار ۋە بەلگىلىمىلىرىنى تولۇق ئىجرا قىلىشى، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى ئاڭلىق قوغدىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىكنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى/ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەم كۈچنى توپلاپ مۇھىم نۇقتىنى كاپالەتلەندۈرگىلى، ھەم ھەر تەرەپكە ئېتىبار بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى بىر تاختا شاخمات قىلغىلى بولىدۇ.

مەنپەئەت تالىشىش ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ مۇھىم مەنبەسى، شۇنداقلا بەزى رايونلار ۋە تارماقلارنىڭ ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن ئىش كۆرەلمەسلىكىنىڭ مۇھىم سەۋەبى. بىز ئومۇمىيلىق يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، دۆلەت، رايون، تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇشىمىز كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”بىز ھەم دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان جايلار مەنپەئىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغىمۇ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان تارماقلار مەنپەئىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغىمۇ يول قويمايمىز“. بىرەر جايىنىڭ ئۆز جايىدىن ئىبارەت قىسمەنلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپرەك مەنپەئەتنى تالىشىپ قولغا كەلتۈرۈۋالماقچى بولۇشى چۈشىنىشلىك ئىش، بىراق بىزنىڭ دۆلىتىمىز بىر ئومۇمىي گەۋدە، يۇقىرى-تۆۋەننىڭ مەنپەئەت تەقسىماتى ئېنىق بولۇشى كېرەك. مەركەز بىلەن جايلار ئوتتۇرىسىدا بەزى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن، جۈملىدىن ئومۇمىي مەنپەئەت بىلەن قىسمەن مەنپەئەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. مەركەزنىڭ ئاكتىپلىقى بىلەن جايلارنىڭ ئاكتىپلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ئاكتىپلىقنى تېخىمۇ ياخشى قوزغاش ئۈچۈن، مۇشۇنداق زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرگە

www.uyghurkitap.com

يولۇققاندا، قىسمەنلىك ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇش، ئومۇمىيلىق ۋە قىسمەنلىككە ئېتىبار بېرىش پرىنسىپىغا ئاساسەن توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ناۋادا قىسمەنلىك ئومۇمىيلىققا قارىماي، نوقۇل ھالدا قىسمەنلىكنىڭ تەلىپىنىلا نەزەردە تۇتۇپ، قىسمەنلىككە پايدا بولۇش-بولماسلىقىنىلا ئويلىسا، ھەتتا ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىنىڭ قىسمەن مەنپەئەتى ئۈچۈن ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈشتىنمۇ يانمىسا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، ھەرقايسى جايلار ۋە ھەرقايسى تارماقلارنىڭ تەرەققىياتىمۇ مۇقەررەر ھالدا ئېغىر تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ھەرقايسى جايلار ۋە تارماقلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە، مەۋقەسىنى دۆلەتنىڭ بىردەك سىياسىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ھازىرقى بار بولغان ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىلمىي ئاساستا تەدبىر كۆرۈپ، تۇرلۇك خىزمەتلەرنى پۇختىلىق بىلەن جان كۆيدۈرۈپ تىرىشىپ ئىشلەش ئۈستىگە قويۇشى كېرەك. ئومۇمىيلىقتىن نەپ ئۈندۈرۈۋېلىش كويىدا بولۇپ، دۆلەتنىڭ باج-پايدىسىنى خالىغانچە تۇتۇپ قالىدىغان، باھانى قالايمىقان ئۆستۈرىدىغان، قالايمىقان چازا قويىدىغان، يالغان، ناچار ماللارنى مەيلىگە قويۇۋېتىدىغان، ساختىپەزلىك قىلىپ دۆلەتنى ئالداش يولى بىلەن قىسمەن مەنپەئەتكە ئېرىشىدىغان قىلمىشلارغا يول قويۇلمايدۇ. بۇ خىل قىلمىشلار مەلۇم قىسمەنلىكنى ۋاقىتلىق مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرۈشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ ئومۇمىي مەنپەئەتكە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەچكە، ئومۇمىيلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن زىيانلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى مەلۇم قىسمەنلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تۇيۇق يولغا باشلاپ كىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، بۇ رايون ۋە تارماقلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە كەلگۈسى مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

رايونلار، تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ ئومۇمىيلىق ئېڭى بولۇشى كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا، شەرقىي رايونلار بىلەن ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئومۇمىيلىق تۈسىنى ئالغان زور مۇناسىۋەت قاتارىدا بىر تەرەپ-قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە بىزدىن ئورتاق بېيىتىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، رايونلار تەرەققىياتىدىكى پەرقنى تۈگىتىپ، رايونلار ئىقتىسادىنى ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشنى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ بىر تۇرلۇك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئىقتىسادىمىز بىر پۈتۈن گەۋدە، بازىرىمىز بىر پۈتۈن بازار. رايونلار، تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىككى تەرەپنىڭلا ئىشى بولماستىن، ئومۇمىيلىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىلمۇ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئوخشىمىغان قىسمەنلىكنىڭ ئوخشىمىغان مەزگىلدە

ئومۇمىيلىقتا تۇتقان ئورنى ۋە ئوينايدىغان رولىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، پەقەت ئومۇمىيلىقنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەرگە ئېلىپ، ھالقىلىق قىسمەنلىككە نۇقتىلىق ئېتىبار بەرگەندىلا، ئومۇمىيلىقنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تېخىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىيلىقىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دېڭىز بويى رايونلىرىنى ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەم ئەۋزەللىكىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر ئومۇمىيلىق، ئىچكىرى جايلار بۇ ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇشى كېرەك. دېڭىز بويى رايونلىرى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم مەزگىلگە يەتكەندە، كۆپرەك تەھپە قوشۇش يولى بىلەن ئىچكىرى جايلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىشى كېرەك. بۇمۇ ئومۇمىيلىق، دېڭىز بويى رايونلىرىمۇ بۇ ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا پەرقنى قەدەممۇقەدەم كىچىكلىتىپ، ئورتاق بېيىتىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئورۇندىغىلى، كۆپ تەرەپلىملىك ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. 9-بەش يىللىق پىلان باشلانغاندىن كېيىن، دۆلەت مەركەز مالىيىسىدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىش، بايلىقنى ئېچىش ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنى ئالدى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش. ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارغا مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، بايلىق خاراكتېرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ باھا سىستېمىسىنى ئىزىغا چۈشۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىدۇ. شەرقىي رايونلارمۇ كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلاردىكى ئانچە تەرەققىي تاپمىغان جايلار ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ ماس ھالدا راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. بىز ئومۇمىيلىقنى چىقىش قىلىش، دۆلەتكە پايدا يەتكۈزۈش، ئىككى تەرەپنىڭ تەرەققىياتىغا پايدا يەتكۈزۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز ئارا ياردەملىشىش، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، رايونلارنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىشى، ئادىل ئالماشتۇرۇشى ۋە توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتكۈل ئومۇمىيلىقنىڭ ھەر تەرەپلىمە خىزمەتلەرنى تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچ بىلەن ماس، تەڭكەش ھالدا ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك.

ئومۇمىيلىق ئېڭىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پارتىيىلىك كادىرلىرىمىزنىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتە چېنىقىشىنى كۈچەيتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. قىسمەن مەنپەئەتنىلا كۆرۈپ، ھەمىشە نامۇۋاپىق ھالدا قىسمەن خىزمەتنى ئالاھىدە تەكىتلەش، ئومۇمىي مەنپەئەتنىڭ قىسمەن مەنپەئەتكە بويسۇنۇشىنى تەلەپ قىلىش—پارتىيىۋىلىك ساپ بولماسلىقنىڭ ئىپادىسى، پارتىيىنىڭ مەقسىتى ۋە ئىنتىزامى بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. پۈتۈن پارتىيىدىكى

يولداشلار بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيا-لىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى قىبلىنامە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى بىرقانچە چوڭ مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلايلى» دېگەن سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، پارتىيىۋىلىك تەلپىگە بىنائەن ئومۇمىيلىق ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىيلىقىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئادالەت مۇھەممەت

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

# ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش توغرىسىدا بىرقانچە پىكىر

**خۇاڭ يۈەنجى**

ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى 21-ئەسىرگە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان مۇھىم پەيتتە، بولتۇر ئۆتكۈزۈلگەن پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا ھازىرقى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ھەر تەرەپلىمە ئۆستۈرۈش ۋە مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك مۇھىم ھەم جىددىي ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ئىشىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش، ئەسىر ھالقىپ مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان زور تۈركۈمدىكى رەھبىرىي خادىملارنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالدى. پارتىيىنىڭ بۇ يىل ئېچىلغان 5-ئومۇمىي يىغىنىدا بۇ مەسىلە يەنە تەكىتلەندى. 4-ئومۇمىي يىغىننىڭ «قارار»ى ۋە 5-ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى بىر قاتار سۆزلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق بىز شۇنى چوڭقۇر چۈشەندۇقكى، مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇنداش ئۈچۈن، مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان مىليونلىغان-ئون مىليونلىغان رەھبىرىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، توغرا سىياسىي لۇشيەن توغرا تەشكىلىي لۇشيەن ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. ئەسىر ھالقىيدىغان زور تۈركۈمدىكى ياش رەھبىرىي خادىملارنى ئۆز ۋاقتىدا تاللاپ ئۆستۈرگەندىلا، ئاندىن پارتىيە ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئاندىن ئىشلىرىمىزنى ئۆتكەنكى نەتىجىلەر ئاساسىدا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، روناق تېپىش، گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. قانداق قىلغاندا ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ؟ ئۆزەمنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەندە بىرقانچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

**1. داۋاملىق تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈشنى**

www.uyghurkitap.com

**ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت قاتارىدا داۋاملىق تۇتۇش كېرەك.**

كونا بىلەن يېڭىنىڭ ئالمىشىشى ئالەمدىكى بارلىق شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى، باشقا شەيئىلەرنىڭ ھەمىشە تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقانلىقىدەك قانۇنىيەتكە ئوخشاش، رەھبەرلىك بەنزىسمۇ ھەرىكەتچان ھالەتتە ئۆزگىرىپ تۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. بىرىنچىدىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، رەھبىرىي خادىملارنىڭ يېشى چوڭىيىپ بارىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، رەھبىرىي خادىملارنىڭ ئىلگىرى ئۆگەنگەن بىلىمى كونىراپ بارىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كادىرلارغا بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى سەل يات تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا ماسلىشىپ كېتىشى ئۈچۈن بىر جەريان كېرەك. دېمەك، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى باشتىن-ئاخىر ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىشىدىكى ئالاھىدىلىكىنى تولۇق چۈشىنىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈشتىكى تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقىمىزنى ئاڭلىق كۈچەيتىشىمىز لازىم.

پارتىيىمىز ئىنقىلاب ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتىدۇ، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ ئىشلەندى. 1982-يىلىدىن بۇيان، مەملىكەت بويىچە تاللاپ ئۆستۈرۈپ ۋەزىپىگە قويۇلغان ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرى 360 مىڭدىن ئاشقان. پارتىيە بىلەن دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ خادىملىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئالماشتۇرۇلۇپ بولدى، بۇنىڭ بىلەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ياخشىلىنىپ، ھاياتىي كۈچى ئاشۇرۇلدى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

بىرقانچە قېتىملىق چوڭ كۆلەملىك تەڭشەش ئارقىسىدا، ھازىرقى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ماس كېلەلەيدىغان بولدى. لېكىن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ھەرىكەتچان ھالەتتىكى تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش يۈزلىنىشىنى تەھلىل قىلىپ باقىدىغان بولساق، ۋەزىيەتنىڭ خېلى جىددىي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي قالمايمىز. مەسىلەن، بىزنىڭ خۇبېي ئۆلكىسىدىكى ۋىلايەت، شەھەر، ئوبلاست دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرىدىكى رەھبىرىي

خادىملاردىن كېلەر قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا كەلگەندە 32.3 پىرسەنت يولداش پىنسىيىگە چىقىش يېشىغا توشقان بولىدۇ. ئۆلكىگە بىۋاستە قاراشلىق نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى تەركىبىدىكى خادىملاردىن ھۆكۈمەتنىڭ كېلەر قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا كەلگەندە 47.7 پىرسەنت يولداش پىنسىيىگە چىقىش يېشىغا توشقان بولىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن بىر قىسىم كادىرلارنى شتاتتا قالدۇرۇش مۇمكىن بولسىمۇ، ئۇزاق ۋاقىت قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، بىرقانچە يىل كېچىكتۈرگەن بىلەنمۇ بەرىبىر پىنسىيىگە چىقىدىغان گەپ. دېمەك، بۇ مەسىلىنىڭ تەخىرسىزلىكىنى كۆرمەي، رەھبەرلىك بەنزىسىگە يەنىلا تۇرغۇنلۇق نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارايدىغان بولساق، ئاسانلا ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن قانائەتلىنىپ قالىمىز-دە، ۋاقتى كەلگەندە رەھبەرلىك بەنزىلىرىدە يەنە ئۈزۈكچىلىك ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە تەشكىلات تارماقلىرى جەزمەن تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۈچەيتىشى كېرەك. بىرىنچىدىن، "ھازىرقى ئەھۋالدىن قانائەتلىنىش" ئىدىيىسىنى تۈگىتىش كېرەك. ھازىرقى رەھبەرلىك بەنزىلىرى ئومۇمەن بىر مەزگىل ئىشلىيەلەيدۇ دەپ قاراپ، ياش كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ئىشىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ھازىر خەلقئارادا بولۇۋاتقان كەسكىن رىقابەت ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، خىزمەتتە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن، "بىر مەزگىل ئىشلىيەلەيدىغان" بولۇش كۇپايە قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئەسىر ھالقىپ مۇھىم رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغان گەپ، "بىر مەزگىل ئىشلىيەلەيدۇ" دەپ قانائەتلەنسەك تېخىمۇ بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، "ۋاقتى كەلگەندە ئامال تېپىلىدۇ" دەيدىغان پاسسىپ كۈتۈپ تۇرۇش ئىدىيىسىنى تۈگىتىش كېرەك. "ۋاقتى كەلگەندە ئالدىن ئادەم تاللىساق، ياخشىلىرىنى تالالاش تەس بولىدۇ"، بۇ جەھەتتە بىزنىڭ ساۋاقلىرىمىز ناھايىتى كۆپ. ياش كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىدە پەقەت ھازىرقى ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ، يىراق كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، بالدۇرراق تەييارلىق قىلىپ، بالدۇرراق قول سېلىپ تۇتۇش قىلغاندا، ئاندىن تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. ئۈچىنچىدىن، "يۇقىرىدىن بىر مەزگىل تەكىتلەنسە، بىر مەزگىل تۇتۇش قىلىپ قويىدىغان" ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، ئاڭلىق ھالدا ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ئىشىنى ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت قاتارىدا تۇتۇش لازىم. رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئۇزاققىچە، داۋاملىق تۇتۇلۇشى لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ

www.uyghurkitap.com

ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى گاھ تۇتۇپ، گاھ تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، تۇركۈم-تۇركۈملەپ، بوشاشماي داۋاملىق تۇتۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشىمىزغا ۋارىسلىق قىلغۇچى ئىز باسارنىڭ بولۇشىغا، دۆلىتىمىزنىڭ ئەبەدىي ئامان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

**2. تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، يېقىنقى بىر مەزگىلدە نىسبەتەن ياش بىر تۈركۈم كادىرلارنى تېزدىن تاللاپ ئۆستۈرۈپ رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك.**

زىددىيەتنىڭ ھەرىكەتلىنىش جەريانىدا، ئاساسلىق زىددىيەت تۇتۇلسا، ئىككىنچى ئورۇندىكى زىددىيەتلەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەل بولۇپ كېتىدۇ. خوش، ئۇنداق بولسا، نۆۋەتتە رەھبىرىي خادىملارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى نېمە؟ مۇھىم نۇقتا نىسبەتەن ياش بىر تۈركۈم كادىرلارنى تېزدىن تاللاپ ئۆستۈرۈپ رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت. بۇ—نۆۋەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەت، نۆۋەتتىكى مۇھىم ئىش، جىددىي ئىشتۇر، بۇنى رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقى ۋە تەرەققىيات يۆزلىنىشى بەلگىلىگەن. نۆۋەتتىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان ئەسىر ھالقىپ مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان زور تۈركۈم رەھبىرىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش تەلىپىدىن خېلى يىراقتا تۇرماقتا. ئۆلكىمىزدىكى ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ئوبلاستلىق پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى مىسالغا ئالساق، رەھبەرلىك بەنزىسىدە نىسبەتەن ياش كادىرلارنىڭ سانى ئازراق، بۇنداق ئەھۋال رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى قۇرۇلۇشىغا پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەسىر ھالقىيدىغان تارىخىي ۋەزىپىسىگىمۇ مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. دېمەك، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ نىسبەتەن ياش بىر تۈركۈم كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشتە، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولماسلىق، ياش رەھبىرىي خادىملارنىڭ سانى ئازراق بولۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش كۆزدە تۇتۇلۇپلا قالماستىن، بىرقانچە يىلدىن كېيىن يەنە كادىرلارنى تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان، ئىزچىللىقنى ساقلىغىلى بولمايدىغان ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىشمۇ كۆزدە تۇتۇلغان.

زېھن-كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاساسلىق زىددىيەتنى تۇتۇپ، ياش كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك، نۆۋەتتە، مەركەزنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئېنىق تەلىپىگە، 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە مەملىكەتلىك تەشكىلات خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش لازىم. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ياش رەھبىرىي خادىملارنى تاللاپ

ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى قاتتىق بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلىپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ 35 ياشتىن تۆۋەن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ناھىيە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىققا، 40 ياشتىن تۆۋەن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ۋىلايەت، شەھەر، ئوبلاست دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىققا تاللاپ ئۆستۈرۈش كېرەك. خۇبېي ئۆلكىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى مەخسۇس «بۇ يىل ۋە كېلەر يىل ئىككى يىل ئىچىدە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ، ۋىلايەت، ناھىيىنىڭ ۋە ئۆلكىگە بىۋاسىتە قاراشلىق نازارەت، ئىدارىلەر-نىڭ رەھبەرلىك بەنزىسگە كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى چۈشۈرۈپ، يېقىنقى ئىككى يىل ئىچىدە، ھەر دەرىجىلىك ۋە ھەرقايسى ئورۇنلاردىن بەلگىلەنگەن كۆرسەتكۈچ سانىغا يېتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە شۇنداق بەلگىلىمە بەلگىلىدىكى، ھازىرقى رەھبەرلىك بەنزىسىدە بوش ئورۇن بولسا، ئالدى بىلەن ياش كادىرلاردىن تاللاپ سەپلەش كېرەك؛ ئادەم سانى توشقان بولسا، ئاۋۋال تاللاپ كىرگۈزۈپ، كېيىن ئاستا-ئاستا تەڭشەشكە بولىدۇ؛ ئۆز جايىدا لايىق ئادەم تېپىلمىسا، ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا بولىدۇ.

بىزنىڭ نىسبەتەن ياش كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىشىمىز يېشى قانچىكى كىچىك بولسا شۇنچە ياخشى دەپ تەكىتلىگەنلىك ئەمەس، 35 ياشتىن، 40 ياشتىن، 50 ياشتىن ئاشقان كادىرلار ئۆستۈرۈلمەيدۇ دېگەنلىكمۇ ئەمەس. ئومۇمىي پرىنسىپ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ۋە خىزمەت ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، قايسى ياش گۇرۇپپىسىدىكى كادىر كەم بولسا، شۇ ياش گۇرۇپپىسىدىكى كادىرنى تولۇقلاش لازىم. نۆۋەتتىكى نۇقتىلىق ئىش رەھبەرلىك بەنزىلىرىدە ياش كادىرلار ئازراق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت.

**3. ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلىش ئەھۋالىنى تۈگىتىپ، ياش كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى دائىملاشتۇرۇشقا تۈزۈم بىلەن كاپالەتلىك قىلىش لازىم.**

ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيىتى بولىدۇ، يېڭى كادىرلار بىلەن كونا كادىرلارنىڭ نورمال ئالمىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىچكى تەلىپى ۋە قانۇنىيىتىدۇر. بۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىپ، يېڭى كادىرلار بىلەن كونا كادىرلارنىڭ نورمال ئالمىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا، ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلىش، زەربىدارلىق بىلەن ئىش قىلىش ئەھۋاللىرىنى تۈگىتىپ، ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى دائىملاشتۇرۇشقا ۋە تۈزۈملەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئەگەر ياش كادىرلار ئۈزۈلمەي ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىپ تۇرىدىغان بولسا، رەھبەرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەزىسى مەڭگۈ تولۇپ تاشقان هاياتىي كۈچكە ۋە جۇشقۇنلۇققا ئىگە بولىدۇ. بەزى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا كەڭ كۆلەمدە ئالمىشىش ئەھۋالىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئاساسەن خىزمەتتە پىلانچانلىقنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقى سەۋەب بولغان. مەسىلەن، ئادەم تاللاش ۋە ئادەم ئىشلىتىشتە بەنزىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە خىزمەت ئېھتىياجى نەزەرگە ئېلىنماي، ئىش ستاژىغا قاراپ ئىش قىلىش، ھەر تەرەپكە ئېتىبار بېرىش يولى تۇتۇلغان؛ پىلانلىق ئىش كۆرۈلمەي، زۆرۈر تېپىلغاندا ئاندىن كۆن تەرتىپكە قويۇش يولى تۇتۇلغان؛ تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش رەسمىيەتلىرى بويىچە ئىش قىلىنمىغان ۋە باشقىلار. ئادەم تاللاش ۋە ئادەم ئىشلىتىشتە ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلىشنىڭ سەلبىي تەسىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ؛ بەنزە قۇرۇلۇشى ياخشى ئايلىنىش يولىغا چۈشمىسە، خىزمەتتە ئىنتايىن پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغان گەپ؛ مۇنەۋۋەر ياش كادىرلار ئۆز ۋاقتىدا ئىشقا سېلىنمىسا، ئىختىساسلىق خادىملار ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ ۋە بېسىلىپ قالىدۇ؛ تەڭشەش ئارقىسىدا زور بىر تۈركۈم كادىر ئورنىدىن چۈشۈپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا تەسىر يېتىدۇ؛ بىر قېتىمدا تاللاپ ئۆستۈرۈلگەن ئادەم بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، مۇقەررەر ھالدا كادىر تاللاشنىڭ توغرىلىقى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، كېيىنكى كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ئىشىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ.

يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل قىلىش ئۈچۈن، رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى ئىزدەپ تېپىش ۋە ئىگىلەش لازىم. ئىختىساسلىق خادىملار زاپىسىنى كۆپەيتىش بىلەن ئىختىساسلىق خادىملارنى تاللاش ئوتتۇرىسىدا سۈپەت بىلەن ساننىڭ بىر-بىرىگە ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى بار، ئەگەر بىز مۇشۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىپ، يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ئىشىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈشنىڭ بىر ئومۇمىي نىشانىنى بەلگىلەپ چىقساق، بىر چوڭ ئىختىساسلىق خادىملار ئامبىرىنى بەرپا قىلىپ قويساق، يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشنىڭ قىسقا مەزگىللىك، ئوتتۇرا مەزگىللىك ۋە ئۇزاق مەزگىللىك ۋاقىت جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقساق، كادىرلارنى تەكشۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈشنىڭ بىر يۈرۈش مەشغۇلات چارىسىنى تېپىپ چىقساق، ئۇ ھالدا ئادەم لازىم بولۇپ قالغاندا ئازلىق قىلىدىغان ئىش بولمايدۇ، بەنزىنى تەڭشەشمۇ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، ئۆستۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ سۈپىتىگىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ياش كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى دائىملاشتۇرۇپ، رەھبەرلىك بەنزىسىدە يېڭى كادىرلار بىلەن كونا كادىرلارنىڭ نورمال ئالمىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەقىقىي يولغا قويغىلى بولىدىغان

پۈتۈن بىر يۈرۈش تۈزۈملەرنى بەرپا قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە، كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، چوقۇم ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى باھالاش ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقىش، زاپاس كادىرلار قوشۇنى ۋە ئىختىساسلىق خادىملار ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، كادىرلارنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى، ئالماشتۇرۇش تۈزۈمى، ئۆستۈرۈش-چۈشۈرۈش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇشنىڭ شەكلى ۋە رەسمىيەتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۈچ چىقىرىپ، بولۇپمۇ دېموكراتىيىنى كېڭەيتىش، تەكشۈرۈشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، كادىرلارنى ھەم ئۆستۈرەلەيدىغان، ھەم چۈشۈرەلەيدىغان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش قاتارلىق بىرقانچە جەھەتلەردە يېڭى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، "ئاشكارا بولۇش، باراۋەر بولۇش، رىقابەتلىشىش، ياخشىلىرىنى تاللاش" ئاساسىدا كادىرلارنى تاللايدىغان، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنى ئۆز كارامىتىنى تولۇق كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان ئىجتىمائىي شارائىتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، كادىرلارنى ئۆستۈرگىلىمۇ، چۈشۈرۈۋەتكىلىمۇ بولىدىغان، كىرگۈزگىلىمۇ، چىقىرىۋەتكىلىمۇ بولىدىغان، نورمال ئالمىشىپ تۇرىدىغان، تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان يېڭىلىنىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش، قانۇن-تۈزۈم مۇكەممەل، ئىنتىزام قاتتىق بولغان نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش، شۇ ئارقىلىق كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشقا قويۇش خىزمىتىنى دېموكراتىيىلىشىش، قانۇن-تۈزۈملىشىش، دائىملىشىش يولىغا سېلىش كېرەك.

**4. ئەمەلىيەتچىللىككە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولغان، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تاللاپ رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆستۈرۈش لازىم.**

ئەمەلىيەت بىرىنچى دەيدىغان نۇقتىئىنەزەر ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرىدۇر، ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشتە ئەمەلىيەت بىرىنچى دەيدىغان نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قارىمىقىدىكى تەشكىلات تارماقلىرىنىڭ دانىشمەن، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى تاللاپ ئىشقا قويۇشىغا كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدىكى چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى

راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش ئىشىدا راسا ئىشلەپ گەۋدىلىك تۆھپە ياراتقان يولداشلارنى، قۇرۇق گەپ ساتماي، راستچىللىق بىلەن ئەمەلىي ئىشلەيدىغان يولداشلارنى، ھەقىقىي بىلىمى بار، ھەقىقىي بىلىمى بار بولغان، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقان يولداشلارنى تاللاپ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆستۈرۈش كېرەك. ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

ئەخلاق، قابىلىيەت بىلەن ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىكى نەتىجىنىڭ مۇناسىۋىتى. ياش كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشتە ئالدى بىلەن ئاساسىي شەرت بولغان ئەخلاق، قابىلىيەت شەرتىگە، سىياسىي مەيدانىنىڭ مۇقىم بولغان-بولمىغانلىقىغا، ئىدىيىۋى ئەخلاقىنىڭ ياخشى بولغان-بولمىغانلىقىغا، خىزمەت ئۇستىدىكى پىكىر يولىنىڭ ئېنىق بولغان-بولمىغانلىقىغا قاراش كېرەك، بۇ، ئادەم ئىشلىتىشنىڭ چىڭ تۇرۇش شەرت بولغان بىر تۈپ پرىنسىپىدۇر. ئەخلاق، قابىلىيەت شەرتلىرىدە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، ئاخىرقى ھېسابتا ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىكى نەتىجىسىگە نۇقتىلىق قاراش كېرەك. بىر كادىر ئەگەر ئۆزىنىڭ خىزمەت دائىرىسىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتالمىسا، جاپالىق شارائىتتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلمىسە، بۇنداق كادىرنىڭ ئەخلاقى ھەرقانچە ياخشى، قابىلىيىتى ھەرقانچە زور دېيىلسىمۇ، كىشىنى قايىل قىلالىشى تەس.

ستاژ بىلەن قابىلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ستاژى ئۇزۇن ئادەمنىڭ تەجرىبىسى مول راق بولىدۇ، ئىشنى پۇختىراق ئىشلەيدۇ، بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىي ئەھۋال. لېكىن ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ستاژنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن قابىلىيەتنىڭ كۈچلۈكلۈكىنىڭ توغرا تاناسىپتا بولۇشى ناتايىن، بىرمۇنچە كىشى ئۇزۇن يىللار ئىشلىسىمۇ ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان، بەزى كىشىلەر بولسا ئىش ئورنىغا چىقىپلا قابىلىيىتىنى راسا كۆرسەتكەن، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ”خىزمەت كۆرسەتمىگەن بىلەن جاپا چەككەن“ ئادەملەرمۇ ئۇنىڭغا يەتمەيدىكەنمەن دەپ قول قويىدۇ. شۇڭا، كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشتە ستاژنىلا ئاساس قىلىشقا، ستاژغا قاراپ ئىش قىلىشقا بولمايدۇ. ياش-قابىل، قابىلىيىتى كۈچلۈك كادىرلاردىن ستاژى قىسقا، باشقۇرۇپ كېتەلمەسمىكىن دەپ ئەندىشە قىلماي، ئۇلارنىڭ يۈكسىلىش جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆز قابىلىيىتىنى ئەمەلىي خىزمەتتە بالدۇرراق جارى قىلدۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش لازىم.

دىپلوم بىلەن سەۋىيىنىڭ مۇناسىۋىتى. بىر ئادەمنىڭ دىپلومى شۇ ئادەمنىڭ تەربىيە كۆرۈش دەرىجىسى ۋە بىلىم سەۋىيىسىنىڭ ئىسپاتى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، سەۋىيە بىلەن دىپلوم توغرا تاناسىپتا بولىدۇ، لېكىن ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە، دىپلومى قانچە يۇقىرى بولسا، سەۋىيىسىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، دىپلومى يوقنىڭ سەۋىيىسىمۇ يوق بولىدۇ، دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، جەمئىيەتتە دىپلومى يوق ياكى دىپلومى يۇقىرى ئەمەسلەردىن ئەمەلىي تەجرىبىسى بار، ھەققىي بىلىمى بار ئادەملەر ناھايىتى كۆپ، شۇڭا، كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشتە، تەربىيە كۆرۈش دەرىجىسىگە قاراش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇقتىلىق ھالدا ئەمەلىي سەۋىيىسىگە ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا قاراش كېرەك. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ھەققىي بىلىمى، قابىلىيىتى بار-يوقلۇقىغا قاراش كېرەك.

ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك بولۇش بىلەن تىرىشچان بولۇشنىڭ مۇناسىۋىتى. ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك بولۇش پارتىيىۋىلىك پرىنسىپى جەھەتتىن كادىرغا قويۇلغان ئەقەللىي تەلەپ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى قانچىكى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلغانسېرى، پاك-دىيانەتلىك بولۇش شۇنچە تەكىتلىنىدۇ، پاك بولمىغان كادىرلار-نىڭ ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىناۋىتىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا تىرىشچان بولۇشنىمۇ تەكىتلەش، ئەمەلىي نەتىجە يارىتىش-يارد-ىتالماسلىقىغا قاراش كېرەك. ھەم ئۆزىنى پاك تۇتقان، ھەم ھەققىي تۈردە ئاممىنى باشلاپ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان كىشىلا ئاممىنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشتە، ئۇلارغا تەشكىلنىڭ تەربىيىلىشى بىلەن شەخسەن ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنىمۇ تونۇتۇش، ياش كادىرلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى سوراش، ئۆز-ئۆزىنى ئۆستۈرۈش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىشىنى تەلەپ قىلىش كېرەك. دەرۋەقە، ياش كادىرلارنىڭ يېتىلىشى تەشكىلنىڭ يېتىشتۈرۈشى ۋە تەربىيىلىشىدىن، ئەتراپىدىكى يولداشلارنىڭ مەدەت ۋە ياردەم بېرىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، لېكىن ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى يەنىلا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئىبارەت. شۇڭا، ياش كادىرلارنىڭ پائال ئىنتىلىشىگە، ئۆزلۈكىدىن يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ئىچكى ھەرىكەت-لەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغاپ، ئۇلارنى ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنى چېنىقتۇرۇپ، مۇھىتى مۇرەككەپ، شارائىتى جاپالىق جايلارغا بېرىپ ئىشلەشكە، ”جىددىي، قىيىن، خەتەرلىك، جاپالىق“ ۋەزىپىلەرنىڭ سىناقلىرىنى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداش، ئۆز رازىلىقى بىلەن تۆھپە يارىتىش روھىنى يېتىشتۈرۈش-

كه يېتەكلەش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا؛ ياش كادىرلار ئاندىن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئەسىر ھالقىپ مۇھىم تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ.

**(ئاپتۇر ج ك پ خۇبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىنجان**
**مەسئۇل مۇھەررىر: رىسالەت ئابلا**

www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

《求是文选》（维吾尔文版）国外代号：M5—V 刊号：ISSN1006—5857 / CN11—2498/D

邮发代号：2—373 定价：1.80元 邮政编码 100013